# غەيۋەت

## ئۇنىڭ ئىسلام ئىجتىمائىي جەمئىيىتىگە بولغان يامان تەسىرى

تەرجىمە قىلغۇچى: ئابدۇلئەھەت ئابدۇلكەرىم

## الغيبة

وأثرها السيئ في المجتمع الإسلامي

حسين العوايشة

ئۇيغۇر تەرجىمە مەركىزى

2006 - يىلى



### مۇندەرىجە

غەيۋەت دېگەن نېمە؟ ........................ 5
غەيۋەتخورلۇق ئىنسانلار تويىغا قانداق بولۇپ كىرىپ قالىدۇ؟ ................................. 7
غەيۋەت ھەققىدىكى كىشىنى چۆچۈتىدىغان ھەدىسلەرگە نەزەر ................................. 18
غەيۋەتكە قۇلاق سېلىشنىڭ ھاراملىقى ............. 25
يۇقىرىقى ئايەت ھەدىسلەردىن ئېلىنىدىغان پايدىلار: . 26
غەيۋەتتىن چەكلەش ۋە ئۇنىڭدىن ساقلىنىش ھەققىدە كەلگەن دەلىللەر ................................ 29
بىر مۇسۇلمانغا غايىبانە ياردەم بېرىش ۋە غەيۋەتتىن ساقلىنىشنىڭ پەزىلىتى ........................ 30
مۆمىنلەرنىڭ غەيۋىتىنى قىلىدىغانلارنىڭ پورىقى ..... 31
غەيۋەتخورنىڭ قەبرىدە ئازابلىنىدىغانلىقى .......... 32
غەيۋەتخور ئوبرازى خۇنۇك، قورقۇنچاق كىشىدۇر .... 32
غەيۋەتخور ئىمانى ناقىس كىشىدۇر ............... 34
قىلىشقا بولىدىغان غەيۋەتلەر توغرىسىدا............ 37
قىلىشقا بولىدىغان غەيۋەتتە دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك مۇھىم ئىشلار ................................ 43
غەيۋەتتىن تەۋبە قىلىش........................ 44
ئىشنى مۇكەممەل قىلالمايدىغان كىشىنىڭ غەيۋىتىنى قىلىشتىن ئاگاھ بول! ........................... 53
غەيۋەتتىن يامانراق ئىش ........................ 55
غەيۋەتكە قارشى كۈرەش جىھادنىڭ ئەڭ ئەۋزەلىدۇر .. 58
غەيۋەتنى تەنقىدلەيدىغان ياخشى سۆزلەر .......... 59

ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان اللە نىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن

بارلىق ھەمدۇسانا ۋە ماختاشلار ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى اللە تائالاغا بولسۇن! دۇرۇت ۋە سالام اللە نىڭ ئەلچىسى ۋە بىزنىڭ يول باشچىمىز سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا، ساھابىلىرىگە ۋە ئائىلە ـ تاۋابىئاتلىرىغا بولسۇن!

غەيۋەت ھەقىقەتەن ئىنسانىيەت جەمئىيىتىنىڭ ئەڭ ئەشەددىي دۈشمىنى، شۇڭا ئىنسانىيەت بەخت ـ سائادىتىنىڭ ئاساسىي بولغان ئۇلۇغ دىنىمىز بۇنى كەسكىن ھۆكۈملەر ئارقىلىق چەكلىگەن ئىدى. ئەپسۇسلىنارلىقى بىز بۇ ھۆكۈملەرنى تېخىچە ئەمەلىيلەشتۈرەلمەيۋاتىمىز...

اللە نىڭ پەزلى مەرھەمىتى بىلەن قېرىنداش ـ ھەمشىرىلىرىمىزگە بۇ ھەقتىكى بىر كىتابچىنى تەرجىمە قىلىپ سۇندۇق. بىز بۇ ئاددىغىنە خىزمىتىمىز ئارقىلىق قېرىنداش ۋە ھەمشىرىلىرىمىزنىڭ غەيۋەت قىلماقچى ياكى قىلىنىۋاتقان چاغدا اللە ۋە رەسۇلىنىڭ سۆزىنى ئەسلەپ قېلىشىغا ۋەسىلە بولۇپ قېلىشىنى ۋە اللە سۇبھانەھۇ ۋەتائالانىڭ شۇنىڭغا مۇۋەپپەق قىلىشىنى، قىلغان بارلىق ئىشلىرىمىزنىڭ ئۆزىنىڭ رازىلىقى ئۈچۈن خالىس بولۇشىنى تىلەيمىز!

نەشرگە تەييارلىغۇچىدىن



بسم اللّٰه الرحمن الرحيم

غەيۋەتنىڭ ھاراملىقىغا دالالەت قىلىدىغان دەلىللەر:

اللە تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەن:

﴿ يَٰٓأَيُّهَا ٱلَّذِينَ ءَامَنُواْ ٱجۡتَنِبُواْ كَثِيرٗا مِّنَ ٱلظَّنِّ إِنَّ بَعۡضَ ٱلظَّنِّ إِثۡمٞۖ وَلَا تَجَسَّسُواْ وَلَا يَغۡتَب بَّعۡضُكُم بَعۡضًاۚ أَيُحِبُّ أَحَدُكُمۡ أَن يَأۡكُلَ لَحۡمَ أَخِيهِ مَيۡتٗا فَكَرِهۡتُمُوهُۚ وَٱتَّقُواْ ٱللَّهَۚ إِنَّ ٱللَّهَ تَوَّابٞ رَّحِيمٞ ١٢ ﴾

﴿ئى مۆمىنلەر! نۇرغۇن گۇمانلاردىن ساقلىنىڭلار (يەنى ئائىلىدىكىلىرىڭلارغا ۋە كىشىلەرگە گۇمانخورلۇق قىلماڭلار)، بەزى گۇمانلار ھەقىقەتەن گۇناھتۇر، (مۆمىنلەرنىڭ ئەيىبىنى) ئىزدىمەڭلار، بىر ـ بىرىڭلارنىڭ غەيۋىتىنى قىلماڭلار، سىلەرنىڭ بىرىڭلار ئۆلگەن قېرىندىشىڭلارنىڭ گۆشىنى يېيىشنى ياقتۇرامسىلەر؟ ئۇنى ياقتۇرمايسىلەر، اللە دىن قورقۇڭلار اللە (تەۋبە قىلغۇچىلارنىڭ قىلغان) تەۋبىسىنى بەكمۇ قوبۇل قىلغۇچىدۇر، (ئۇلارغا) ناھايىتى مېھرىباندۇر﴾[1]

مۇتەللىب ئىبنى ئابدۇللاھتىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: «غەيۋەت دېگەن بىر ئادەمدە بار ئىشنى ئۇنىڭ كەينىدىن زىكرى قىلىشتۇر».

[1] سۈرە ھۇجۇرات 12 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

ئەبۇھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ساھابىلارغا: «غەيۋەتنىڭ نېمىلىكىنى بىلەمسىلەر؟» دېۋىدى، ئۇلار: اللّٰه ۋە اللّٰه نىڭ ئەلچىسى بىلگۈچىدۇر، دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «قېرىندىشىڭ ياقتۇرمايدىغان نەرسىنى تىلغا ئېلىشىڭ» دېدى.

ئەبۇ بۇرزەتۇلئەسلەمى ۋە بەرا ئىبنى ئازىب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «ئى تىلىدا ئىمان ئېيتىپ قەلبىگە ئىمان كىرمىگەنلەر گۇرۇھى! موسۇلمانلارنىڭ غەيۋىتىنى قىلماڭلار! ئۇلارنىڭ ئەيىبلىرىنى كوچىلىماڭلار! كىمكى ئۆزىنىڭ مۇسۇلمان قېرىندىشىنىڭ ئەيىبىنى كوچىلىسا، اللّٰه ئۇنىڭ ئەيىبىنى كوچىلايدۇ. اللّٰه ئەيىبىنى كوچىلىغان كىشى ئۆزىنىڭ ئۆيىدە ئولتۇرسىمۇ رەسۋا بولىدۇ».

## غەيۋەت دېگەن نىمە؟

يۇقىرىقىلاردىن غەيۋەت دېگەنلىك، بىر ئادەمدىكى زىكرى قىلىنىشنى ياقتۇرمايدىغان بىر ئىشنى، ئۇ يوق يەردە زىكرى قىلىش ئىكەنلىكىنى بىلدۇق.

غەيۋەتنىڭ هاراملىقى ۋە ئۇنىڭ چوڭ گۇناھلاردىن ئىكەنلىكىگە ئالىملار بىردەك ئىتتىپاق كەلگەن



مەسىلىدۇر. ئىبنى كەسىر (اللّٰه ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن) سۈرە ھۇجۇراتنىڭ تەپسىرىدە مۇنداق دېگەن: ھەر قانداق غەيۋەت پۈتۈن ئالىملارنىڭ كۆز قارىشى بويىچە هارامدۇر. پەقەت ھەدىسنى قوبۇل قىلىش ياكى قىلماسلىق مەسىلىسىگە ئوخشاش ئومۇمنىڭ مەنپەئىتى كۆزدە تۇتۇلىدىغان مەسىلەر بۇنىڭدىن مۇستەسنا.

ئىمام قۇرتۇبى (اللّٰه ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن) مۇنداق دەيدۇ: غەيۋەتنىڭ چوڭ گۇناھلاردىن ئىكەنلىكى بىردەك ئىتتىپاق كەلگەن مەسىلىدۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن غەيۋەت قىلغان كىشىنىڭ تەۋبە قىلىشى ۋاجىپتۇر. مېنىڭ بۇ سۆزۈمگە اللّٰه نىڭ مۇنۇ ئايىتى ئوپئوچۇق ئاساستۇر. اللّٰه تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿سىلەرنىڭ بىرىڭلار ئۆلگەن قېرىندىشىڭلارنىڭ گۆشىنى يېيىشنى ياقتۇرامسىلەر؟ ئۇنى ياقتۇرمايسىلەر﴾[1]

ئەمما غەيۋەتنىڭ هارام ئىكەنلىكىگە ھەدىستىن بولغان دەلىل پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنۇ ھەدىسىدۇر: «رىبانىڭ ئەڭ يامىنى كىشىنىڭ ئۆز قېرىندىشىنىڭ ئابرۇيىغا تىل ئۇزۇتۇشتۇر».

يەنە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھاغا مۇنداق دېگەن: «شۇنداق بىر سۆز ئېيتتىڭكى، ئەگەر ئۇنى دېڭىز سۈيىگە ئارلاشتۇرسا، ئۇ دېڭىز سۈيىنى بۇلغىۋەتكەن بولاتتى».

---

[1] سۈرە ھۇجۇرات 12 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

## غەيۋەتخورلۇق ئىنسانلار توپىغا قانداق بولۇپ كىرىپ قالىدۇ؟

شەيتان ئىنسانلارنى بىر قانچە يوللار بىلەن غەيۋەت قىلىشقا ئېلىپ بارىدۇ:

شەيتان بەزى كىشىلەرگە مۇنداق دەيدۇ: سەن پالانى كىشى ھەققىدە دېگەن سۆزلەر ھەققەتەن ئۇنىڭدا بار، شۇڭا سەن ئۇنى تىلغا ئالساڭ ھېچ نېمە بولمايدۇ.

بۇنداق دېگۈچىلەرگە يۇقىرىقى ئىككى ھەدىس جاۋاب بولىدۇ.

**1** ـ «غەيۋەت دېگەن بىر ئادەمدە بولغان ئىشنى ئۇنىڭ ئارقىسىدا زىكرى قىلىشتۇر» دېگەن.

**2** ـ ئەبۇھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلغان ھەدىستە: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ساھابىلارغا: «غەيۋەتنىڭ نېمىلىكىنى بىلەمسىلەر؟» دېۋىدى، ئۇلار: الله ۋە الله نىڭ ئەلچىسى بىلگۈچىدۇر، دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «قېرىندىشىڭ ياقتۇرمايدىغان نەرسىنى تىلغا ئېلىشىڭ غەيۋەتتۇر» دېدى. ئاردىن بىرى ئەگەر مەن دېگەن ئىش ئۇنىڭدا تېپىلسا قانداق دەيسەن؟ دەپ سورىغاندا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئۇنىڭدا تېپىلسا غەيۋەت قىلغان بولىسەن. ئەگەر تېپىلمىسا ئۇنىڭغا تۆھمەت قىلغان بولىسەن» دېدى.



**3** ـ زىيائىل مەقدەسى ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇئەنھۇدىن رىۋايەت قىلغان ھەدىسىدە مۇنداق دېگەن: ئەرەبلەر سەپەردە بىر ـ بىرىگە خىزمەت قىلاتتى. ئەبۇبەكرى ۋە ئۆمەرگە بىر كىشى خىزمەت قىلىدىغان بولۇپ، ئۇ ئىككىسى ئۇيقىدىن ئويغاندى، لېكىن تائام ھازىرلانمىغان ئىدى. ئۇلارنىڭ بىرى ئۆز ھەمراھىغا: بۇ ئۆيدە ئۇخلىغاندەك ئۇخلايدىكەن، دەپ ئۇنىڭ كۆپ ئۇخلايدىغانلىقىنى ئەيىبلىدى. ئۇنى ئويغىتىپ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا بېرىپ ئۇنىڭغا ئۆمەر ۋە ئەبۇبەكرى سالام يوللايدۇ ۋە سېنى تائامغا چاقىرىدۇ ـ دېگىن، دېدى. ئۇ ئادەم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا شۇنداق دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئۇ ئىككىسى تاماق يەپ بولدى» دېدى. ئەبۇبەكرى ۋە ئۆمەر چۆچۈپ كېتىپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا كېلىپ، يارەسۇلۇللاھ! بىز سىلنى تاماققا چاقىرىپ ئادەم ئەۋەتسەك، سىلى «ئۇ، ئىككىسى تاماق يەپ بولدى» دەپتىلا بىز نېمىنى يەپ بولدۇق؟ دەپ سورىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «قېرىندىشىڭلارنىڭ گۆشىنى، مېنىڭ جېنىم ئۇنىڭ قولىدا بولغان زات بىلەن قەسەمكى، مەن سىلەرنىڭ چىشلىرىڭلار ئارىسىدا ئۇنىڭ گۆشىنى كۆرۈۋاتىمەن» دېدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام، بىر ئادەمنىڭ يوق يېرىدە شۇنچىلىك گەپنى قىلغانىغا، "سىلەر قېرىندىشىڭلارنىڭ

گۈشــنى يېدــڭلار›› دېگــەن تۇرسـا، كۆنـدە نۇرغـۇن كىشىلەرنىڭ گۈشنى يەپ پەرۋا قىلمايدىغانلارچۇ؟ ئۇلار چوقـۇم قـاتتىق ئاگـاھ بولۇشــى ۋە غـەيۋەتنى تاشلىشــى كېرەك.

بـەزى كىشـىلەر: پـالانى نېمانچـە كـۆپ يۇيـىندۇ! نېمانچە كۆپ يەيدۇ! ئۇنىڭ بېخىللىقىنى دېمەمسەن! ئۇنىڭ ئۇيقىسىچۇ؟! دېگەندەك گەپلەرنى قىلىدۇ.

بىـر بـۆلۈك كىشـىلەر: بىـز ئۇنىـڭ ئارقىسـىدا بـۇ گەپـلەرنى قىلغـان بولسـاق، ئۇنىـڭ مەنپـەئەتى ۋە ياخشـىلىقى ئۈچـۈن قىلىمىـز ئەمەسـمۇ؟ دېيىشـە، يەنـە بىربـۆلۈك ئادەملـەر: بىـز بـۇ گەپـنى قىلغـان بولسـاق، ئومۇمنىـڭ مەنپەئەتىگە كـۆيىنىپ شـۇنداق قىلىۋاتىمىـز، دەپ دەۋا قىلىشىدۇ.

يۇقىـرىقى دەۋالارغا بىـر قانچـە يـول بىلـەن رەددىيـە قايتۇرىمىز:

1 ـ قىلماقچى بولغان ھەرقانداق ئىشى، ئىسلام يولغا قويغان ئىش بولۇشى كېرەك. چۈنكى الله نىڭ ئازابىدىن قۇتۇلـۇش ئۈچـۈن ئىنسـاننىڭ ياخشــى نىيـتىلا كۇپـايە قىلمـايدۇ. مۇشـرىكلارنىڭمۇ ئـۆزلىرىنىڭ گـۇمانىغا كـۆرە، نىيىتى ناھايىتى ياخشى ئىدى. الله بۇنى بايـان قىلىـپ مۇنـداق دەيـدۇ: ﴿الله نـى قويـۇپ بۇتلارنـى ھىمـايىچى قىلىۋالغـانلار: «بىــزنىڭ ئۇلارغــا چوقۇنۇشــىمىز پەقەت ئۇلارنىـڭ بىـزنى الله غـا يېقىنلاشتۇرۇشـى ئۈچـۈندۇر»



(دەيدۇ)﴾[1]. گەرچە ئۇ نىيەت ناھايىتى ئىسىل ۋە پاك بولغـان بولسـىمۇ، رەسـۇلۇللاھ ۋە ئۇنىـڭ سـاھابىلىرىنى ئۇلارنى ئۆلتۈرۈشتىن توسۇپ قالالمىدى.

مـەلۇم بىـر شـەخس يـاكى ئومۇمنىـڭ مەنپـەئەتىنى كۆزلىگـەن ياخشـى ئەمـەل، كىشـىلەرنىڭ غـەيۋىتىنى قىلىش، سىرلىرىنى تارقىتىش بىلەن بولمايدۇ.

2 ـ ئەگـەر ئۇلارنىـڭ نىيـىتى راسـتىنلا ياخشـى بولىدىغـان بولسـا، ئـەخلاقى ۋە ئەمـەلىيىتىدىمۇ دۇرۇس بولغان بۇلاتتى. نىيىتىنىڭ ياخشىلىقى بولسا، كەينىدە گـەپ قىلماسـتىن، ئـۇ كىشـىنىڭ ئالدىغـا بېرىـپ، ھېكمـەتلىك ۋە چىـرايلىق نەسـىھەت قىلىـش، ئىسـلام يول ـ يورۇقلىرىنى قوبۇل قىلىپ، توسقان نەرسىلەردىن يىراقلىششقا چىرايلىق شەكىلدە بۇيرۇش بىلەن بولىدۇ. بـەزى ۋاقىتتـا مۇشـۇنداق قـىلىش بىـر قانچـە قېتىم تەكرارلانسىمۇ، دېگەندەك ئۇنۇمى بولماسلىقى مۇمكىن، بۇنـداق شـارائىت ئاستىدا، يەنـە باشقا بىـر نەسـىھەت قىلغۇچىـنى ئىـزدەپ بېقىش كېـرەك. چۈنكـى سـەن قوللانغـان ئۇسـۇل ۋە يـول ئۇيغـۇن بولمـاي قېلىشـى مۇمكىـن. شـۇنىڭدەك سـەن يەنـە بىـر ياخشـىراق نەسـىھەتچىدىن ئۇنىڭغـا نەسـىھەت قىلىشـنى تەلـەپ قىلغـان ۋاقىتـىڭدا سـېنىڭ ئـۇ كىشـى توغرىسـىدا سۆزلىگـەنلىرىڭنى يوشۇرۇشـنى تەلـەپ قىلىشـىڭ،

[1] سۈرە زۇمەر 3 ـ ئايەت.

نەسھەت قىلماقچى بولغان كىشىمۇ ئەڭ پايدىلىق يوللار بىلەن نەسھەت قىلىشى، شارائىتقا دىققەت قىلىپ بىۋاسىتە ياكى ۋاسىتىلىق ھالدا نەسھەت قىلىشى لازىم. ئەگەر ئۇ كىشى بىر قانچە قېتىملىق نەسھەتتىن كېيىن يەنىلا ئۆز ئەيىبىنى تۈزەتمەي كېتىۋەرسە، سىېنىڭ ۋەزىپەڭ ئۇ ئادەمدىن يىراقلىشىش، ئۇنىڭ سىرلىرىنى ساقلاش، پاش قىلماسلىقتىن ئىبارەت بولىدۇ. ناۋادا ئۇنىڭ ئەكسىچە ئىش قىلساڭ، ئىسلام جەمئىيىتىگە نۇرغۇن پىتنىلەرنى تارقىتىشقا سەۋەب بولغان بولىسەن. ئۇ پىتنەلەر تۆۋەندىكىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ:

**1)** ـ كىشىلەرنىڭ ئەيىبىنى يوشۇرۇشقا بۇيرۇغان ئايەت، ھەدىسلەرگە خىلاپلىق قىلىش.

**2)** ـ مۇسۇلمانلار ئوتتۇرىسىدا شەكنىڭ ئومۇملىششى ۋە ياخشىلارغا ئىشەنمەسلىككە سەۋەب بولۇش.

**3)** ـ موسۇلمانلا بىر ـ بىرىنىڭ غەيۋىتىنى قىلىش بىلەن مەشغۇل بولۇش ۋە ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئۆچمەنلىك تارقاپ ئۇممەتنىڭ قىينچىلىقى ھەل بولۇشقا سەۋەب بولىدىغان مۇھىم ئىشلارنى قىلىشقا ۋاقىت چىقىرالماسلىق.



**4)** ـ ئۆز گۇناھىنى يوشۇرۇپ ياشاۋاتقان بىر ئەيىپ ئىگىسىنى كىشىلەر ئارىسىدا ئاشكارا قىلىشقا ئۈندەش.

**3** ـ ھەرقانداق بىر ئەقىل ئىگىسى ئەيىبىنى يوشۇرىۋاتقان بىر كىشىنىڭ غەيۋىتىنى قىلىش بىلەن موسۇلمانلار جامائىتىگە مەنپەئەت يەتكۈزۈشنىڭ مۇمكىن بولمايدىغانلىقىنى ئېتراپ قىلىدۇ.

ئەيىبىنى يوشۇرۇپ گۇناھىنى ئاشكارىلاشنى خالىمىغان ئادەم ھەققىدە سۆزلەپ يۈرۈشتىن جامائەتچىلىككە نېمە پايدا كېلىدۇ؟ بۇنداق قىلىشنىڭ ئىسلام ئۇممىتىگە نېمە پايدىسى بار؟ قۇدۇس پەتھ بۇلامدۇ؟ ياكى مۇشرىكلار، كاپىرلار گۇمران بۇلامدۇ؟!

**4** ـ ئېسىل مەقسەت ۋە يۈكسەك غايىلەرنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشنىڭ دەخلىگە ئۇچرىشى بىلەن بىرگە غەيۋىتى قىلىنغان ئادەم، بىر كىشى ياكى ئۇنىڭدىن كۆپرەك بولسۇن، غەيۋەت قىلغۇچىلارنى يامان كۆرىدىغان بولۇپ قالىدۇ.

غەيۋەتكە ئۈندەيدىغان ئامىللار ۋە ئۇنىڭ دورىسى:

**1** ـ ئاچچىقنى چىقىرىۋېلىش. بىر كىشى يەنە بىر كىشىگە ئاچچىقلانسا ئۇنىڭ غەزىپى قوزغۇلىدىغان بولۇپ ئۇنىڭ غەزىپى ئۆرلىگەنسېرى يەنە بىرىنىڭ غەيۋىتىنى قىلىدۇ.

بۇنىڭ دورىسى اللە تائالانىڭ بۇ ئايىتىنى ئەسلەشتۇر: ﴿پەرۋەردىگارىڭلارنىڭ مەغپىرىتىگە ۋە تەقۋادارلار ئۈچۈن تەييارلانغان، كەڭلىكى ئاسمان ـ زېمىنچە كېلىدىغان جەننەتكە ئالدىراڭلار تەقۋادارلار كەڭچىلىكتىمۇ، قىسىنچىلىقتىمۇ اللە يولىدا (پۇل ـ مال) سەرپ قىلىدىغانلار، (ئۆچ ئېلىشقا قادىر تۇرۇقلۇق) ئاچچىقىنى يۇتىدىغانلار، (يامانلىق قىلغان ياكى بوزەك قىلغان) كىشىلەرنى كەچۈرىدىغانلاردۇر. اللە ياخشىلىق قىلغۇچىلارنى دوست تۇتىدۇ﴾[1].

ھەمدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇ ھەدىسىنىمۇ ئەسلەش كېرەك: «كىمكى ئۆچ ئېلىشقا قادىر بولۇپ تۇرۇپ ئاچچىقىنى بېسىۋالسا، قىيامەت كۈنى اللە كىشىلەر ئوتتۇرىسىغا چاقىرىپ ھۆرلەردىن خالىغىنىنى تاللاش ئەركىنلىكىنى بېرىدۇ».

كىمكى ئاچچىقىنى چىقىرىش ئۈچۈن غەيۋەت قىلسا، ئۆزىنى بېسىۋالغان بولمايدۇ.

2 ـ يېقىنلىرى باشقىلارنىڭ ئابرۇيىنى چۈشۈرۈپ سۆز قىلغاندا، ئەگەر ئۇلارغا قارشى چىقسا ياكى ئۇ سۆزنى قىلىشتىن توسسا ئۇلار خاپا بولۇپ قېلىپ ئۆزىدىن قېچىپ قېلىشتىن قورقۇپ، ئۇلارغا قارشى چىقماسلىق، خۇشامەت قىلىش ۋە ياردەم قىلىش ئارقىلىق ئۇلار بىلەن ياخشى ئۆتۈشنى كۆزلەيدۇ.

[1] سۈرە ئال ئىمران 134 ـ ئايەت.



ئۇنىڭ دورىسى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: «كىمكى اللە نىڭ غەزىپىنى كەلتۈرۈپ تۇرۇپ ئىنسانلارنىڭ رازىلىقىنى ئىزدىسە، اللە ئۇنى ئىنسانلارغا تاشلاپ قويىدۇ» دېگەن سۆزىدۇر.

3 ـ باشقىلارنى كەمسىتىش ئارقىلىق ئۆزىنىڭ مەرتىبىسىنى كۆتۈرۈش. مەسىلەن: پالانى جاھىل ياكى سەن بىر نەرسە چۈشەنمەيسەن، دېگەندەك سۆزلەرنى قىلىش بىلەن ئۆزىنىڭ ئارتۇقچىلىقىنى ۋە ئالىملىقىنى كۆرسىتىشنى مەقسەت قىلىش.

بۇنىڭ دورىسىنى قىلىشتا، شۇنى بىلىش كېرەككى اللە نىڭ دەرگاھىدىكى نەرسە ھەممىدىن ئارتۇق، بۇ دۇنيا اللە نىڭ دەرگاھىدىكى نەرسىگە قارىغاندا بىرتال چىۋىننىڭ قانىتىغىمۇ تەڭ كەلمەيدىغانلىقىنى ۋە بۇ بەندىنىڭ اللە نەزىرىدە سەندىن ئارتۇق بولۇشى مۇمكىنلىكىنى ئويلاش.

4ـ ئويۇن ـ چاقچاق، كىشىلەرنى كۈلدۈرمەن دەپ باشقىلارنى مىسال قىلىپ تىلغا ئېلىش. ھەتتا بەزى كىشىلەرگە ئوخشاش ئادەم كۈلدۈرۈشنى كەسىپ قىلىۋېلىش.

بۇنىڭ دورىسى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇ سۆزىنى ئەسلەش: «باشقىلارنى كۈلدۈرۈش ئۈچۈن يالغان سۆزلەيدىغانلارنىڭ ھالىغا ۋاي! ھالىغا ۋاي! ھالىغا ۋاي!».

**5** ـ ھەسەت: مەسىلەن بىر ئادەمنى كۆپچىلىك ياخشى كۆرىدىغان بولۇپ، ئۇنى ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى جامائەت سورۇنلىرىدا ئىزھار قىلىشسا، ھەسەتخور بۇنى ئاڭلاپ ئۇ ئادەمنىڭ كىشىلەر نەزىرىكى ئورنىنى چۈشۈرۈش ئۈچۈن ئۇنىڭ ھەققىدە يامان سۆز قىلىش.

ھەسەتخور شۇنى ياخشى بىلىشى كېرەككى، ئۇنىڭ ھەسەت قىلىشى، ئۇ كىشىنى دۇنيادىلا ئەمەس بەلكى قىيامەت كۈنىدىمۇ ئۈزىدىن ئۈستۈن قىلىدۇ.

**6** ـ خاتالىق ئۆتكۈزگەن ئادەم، ئۆزىنى ئاقلاش مەقسىتىدە يەنە بىر كىشىگە جىنايەت يۈكلەپ قويۇش. مەسىلەن: بۇ ئىشنى مەنلا قىلمىدىم، پالانى، پالانىمۇ قىلدىغۇ، دەپ ئۆزىنى ئاقلاش ئۈچۈن سەۋەب كۆرسىتىش.

بۇ ئادەمنىڭ ئۆزىنى ئاقلاش ھەققى بولسىمۇ، ئۆزەمنى ئاقلايمەن، دەپ باشقىلارنىڭ ئەيىبىنى ئېچىش ھەققى يوق.

**7** ـ الله يولىدا غەزەپلىنىش بولۇپ، بەزى ۋاقىتتا بىر ئادەمنىڭ گۇناھ ئىش قىلغانلىقىنى كۆرۈپ ئاچچىقلىنىدۇ. ئاندىن ئاچچىقىنى ئىزھار قىلىش ئۈچۈن باشقىلارغا ئۇ يامان ئىشنى قىلغان كىشىنىڭ ئىسمىنى سۆزلەيدۇ. ئەسلىدە ئۇ كىشىنىڭ ئىسمىنى سۆزلىمەسلىكى ۋە ئەيىبىنى يوشۇرۇشى كېرەك ئىدى.



**8** ـ بىر ئادەمنىڭ يەنە بىر مۇسىبەت يەتكەن قېرىندىشىغا قايغۇرۇپ، پالانى بىچارە ئۇنىڭغا يەتكەن مۇسىبەت مېنى بەك ھەسرەتتە قويدى، دەپ ئۇنىڭ ئىسمىنى تىلغا ئېلىش بولۇپ، ئۇ گەرچە دېگەن سۆزىدە راستچىل بولسىمۇ، ئۇنىڭ ئۇ قېرىندىشىنىڭ ئىسمىنى تىلغا ئېلىپ ئۇنىڭ ئابرۇيىغا دەخلى ـ تەرىز يەتكۈزىشى ياخشى ئەمەس (بۇ مۇسىبەت يەتكەن كىشى باشقىلارنىڭ بىلىشىنى خالىماي يوشۇرىۋاتقان ئىشلارنى كۆرسىتىدۇ ــ ت).

بۇنىڭ دورىسى، الله تائالانىڭ بۇ سۆزىنى ئەسلەش: ﴿كىمكى زەررىچىلىك ياخشى ئىش قىلىدىكەن، ئۇنىڭ مۇكاپاتىنى كۆرىدۇ. كىمكى زەررىچىلىك يامان ئىش قىلىدىكەن، ئۇنىڭ جازاسىنى تارتىدۇ﴾[1].

مۇسۇلمانلارنىڭ غەيۋىتىنى قىلغانلار ئۈچۈن قانچىلىغان يامانلىق زەررىلىرى يېغىلغان بولىدۇ. چۈنكى، بىز يۇقىرىدا بايان قىلغاندەك ياخشى نىيەت، ياخشى نىيەت بىلەن قىلغان يامان ئىشلارنى دۇرۇس قىلالمايدۇ. بۇنداق ئادەمنىڭ ياخشى نىيىتىگە ساۋاب يېزىلسىمۇ، ئەمما يامان ئىش قىلغانلىقى ئۈچۈن گۇناھكار بولىدۇ.

[1] سۈرە زەلزەلە 7ـ 8 ـ ئايەتلەر.

9 ـ بوش ۋاقتىنىڭ كۆپلىكىدىن زېرىكىشلىك ھېس قىلىپ، باشقىلارنىڭ ئەيىبىنى ئىزدەش ۋە ئۇنى سۆزلەشتىن باشقا ئىش تاپالماسلىق.

بۇنىڭ دورىسى: ئىنسان ئۆزىنىڭ ۋاقتىنى تائەت ـ ئىبادەت، ئىلىم ئۆگىنىش بىلەن ئۆتكۈزۈش ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇ سۆزىنى ئەسلەش: «قىيامەت كۈنى ھېسابات مەيدانىدا بەندىنىڭ قەدىمى يۆتكىمەي تۇرۇپ ئۇنىڭ ھاياتىنى قانداق ئىشلار بىلەن ئۆتكۈزگەنلىكى، ئۆگەنگەن ئىلمى بىلەن نېمە ئىشلارنى قىلغانلىقى، ئۇنىڭ مېلىنى قەيەردىن تېپىپ، قەيەرگە ئىشلەتكەنلىكى ۋە ئۇنىڭ ئۆز جىسمىنى قانداق ئىشلاردا چىرىتكەنلىكى (تۈگەتكەنلىكى) دىن ئىبارەت تۆت ئىشتىن سوئال قىلىنىدۇ». [تىرمىزىدىن]

10 ـ باشلىقلارغا، ئىش ئىگىلىرىگە يېقىنلىششىنى، يۇقىرىراق مەنسەپكە ئېرىششىنى، ياكى ياخشى، دەپ تىلغا ئېلىنىشنى مەقسەت قىلىپ، بىرگە ئىشلەۋاتقان سەپداشلىرىنى ئەيىبلەش.

بۇنىڭ دورىسى: ھەر بىر مۇسۇلمان رىزىققا مۇناسىۋەتلىك ئايەت ھەدىسلەرنى ۋە شۇنىڭ بىلەن بىرگە اللە نىڭ ئىزنىسىز ھېچقانداق پايدا ـ زىيان يەتمەيدىغانلىقىنى ئەسلەش لازىم. يىغىنچاقلاپ ئېيتقاندا ئۇ كىشىنىڭ تەقدىرگە ئىمان كەلتۈرۈشى كېرەك.



مەن ئۇنداق كىشىلەرگە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇ ھەدىسىنى ئەسلىتىمەن: «كىمكى اللە نىڭ غەزىپىنى كەلتۈرۈپ تۇرۇپ ئىنسانلارنىڭ رازىلىقىنى ئىزدىسە اللە ئۇنى ئىنسانلارغا تاشلاپ قويىدۇ».

11 ـ تەكەببۇرلۇق: ئۆزىدىكى ئەيىپلەرنى ئويلىماسلىق.

ئۇنىڭ دورىسى: ئۆز ئېيىپلىرى ھەققىدە ئويلاش، ئۇنى ئىسلاھ قىلىشقا تىرىشىش ۋە ئۆزى ئەيىبلىگۈچى ئورۇندا تۇرغان ھالەتتىمۇ باشقىلارنىڭ ئۇنى ئەيىبلىشىدىن ھايا قىلىش.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تەكەببۇرلۇقنى سۆكۈپ: «ئەگەر سىلەر گۇناھ قىلمىساڭلارمۇ سىلەردىن غەم قىلىدىغىنىم، تەكەببۇرلۇق! تەكەببۇرلۇق!» دېگەن.

## غەيۋەت ھەققىدىكى كىشىنى چۆچىتىدىغان ھەدىسلەرگە نەزەر

ـــ ئەبۇبەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋىدالىشىش ھەججىدىكى قۇربان ھېيت كۈنى ئۆزىنىڭ خۇتبىسىدە مۇنداق دېگەن: «سىلەرنىڭ بىر ـ بىرىڭلارنىڭ قېنىنى تۆكۈشىڭلار، ئابرۇيىڭلارنى چۇشۇرۇشىڭلار ۋە

ماللىرىڭلارنى ناھەق يەۋېلىشىڭلار خۇددى مۇشۇ كۈن، مۇشۇ ئاي ۋە مۇشۇ شەھەرنىڭ ھۆرمىتىنى قىلماسلىق ھارام قىلىنغاندەك ھارام قىلىندى. ئى الله! يەتكۈزدۈممۇ؟...».

بىز الله ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى سەللەللاھۇ ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇيرۇقلىرىنى ھەقىقىي ئويلىنىشىمىز ۋە ئۇلۇغلاش نەزىرىمىز بىلەن قارىشىمىز لازىم.

ھەقىقەتەن الله نىڭ نەزىرىدە غەيۋەتنىڭ ھاراملىقى ھەرەمدىكى قۇربانلىق كۈنىنىڭ ھۆرمىتىنى قىلماسلىقنىڭ ھاراملىقى بىلەن ئوخشاشتۇر.

ئى غەيۋەتخورلار! ئى مۇسۇلمانلارنىڭ گۆشىنى يەيدىغانلار! مۇسۇلماننىڭ ئابرۇيىنى تۆكۈشنىڭ ھاراملىقىنى بىلدىڭلارمۇ؟!...

بەرا ئىبنى ئازىب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «جازانىنىڭ تۈرلىرى 72 خىل بولۇپ ئۇنىڭ ئەڭ تۆۋىنى ئانىسى بىلەن زىنا قىلغانغا ئوخشاش، جازانىنىڭ ئەڭ يامىنى بىر كىشىنىڭ قېرىندىشىنىڭ ئابرۇيىغا تىل ئۇزارتىشىدۇر». [بۇھەدىسنى تەبرانى ئەۋساتتا رىۋايەت قىلغان]

ئاللاھۇ ئەكبەر!... ئەقىل ئىگىلىرى قېنى؟!



ئاللاھۇ ئەكبەر!... قەلبلەرنى ياشارتىدىغان ئىمان قېنى؟!

كۆڭۈللەرنى ھاۋايى ـ ھەۋەستىن توسايدىغان ئىمان قېنى؟!

مۇسۇلمانلارنىڭ ئابرۇيىغا دەخل ـ تەرۇز قىلىشتىن تۇسايدىغان ئىمان قېنى؟!

جازانە، نىمە دېگەن چوڭ گۇناھ ـ ھە؟!

ئۇنىڭ گۇناھىنىڭ قاتتىقلىقىدىن الله جازانخورلارغا ئۇرۇش ئېچىشقا رۇخسەت بەرگەن ئەمەسمۇ؟

ھەقىقەتەن جازانىنىڭ ئەڭ تۆۋىنى بىر كىشىنىڭ ئانىسى بىلەن زىنا قىلىشىغا ئوخشاش. ئەڭ يامىنى ئۆز قېرىندىشىنىڭ ئابرۇيىغا تىل ئۇزارتىش.

ئى ئەقىل ئىگىلىرى! ئويلاپ باقامسىلەر... ؟

بۇلارنى بىلگەندىن كېيىن قېرىندىشىڭلارنىڭ ئابرۇيىغا خالىغانچە دەخل ـ تەرۇز يەتكۈزۈپ غەيۋەت، سۇخەنچىلىك، ئەيىبلەش، سۆكۈش قاتارلىق يوللار بىلەن خالىغانچە ئابرۇيىغا تاجاۋۇز قىلساڭلار قانداقمۇ الله نىڭ ئازابىدىن قېچىپ قۇتۇلالايسىلەر؟

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئۇ مۇنداق دەيدۇ: مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا قويسىلا ئۇ (سەفىييەنى) (رىۋايەتلەرگە قارىغاندا ئۇ پاكا

تۇرسا دېگەنلىكى مەلۇم) دېدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇنىڭغا قارىتا: «شۇنداق بىر سۆز قىلدىڭكى، ئەگەر ئۇنى دېڭىز سۈيىگە ئارلاشتۇرسا، ئۇ دېڭىز سۈيىنى بۇلغىۋەتكەن بولاتتى» دېدى.

مۇشۇنچىلىك بىر سۆز: «ئەگەر دېڭىزغا ئارلاشسا ئۇنى بۇلغىۋەتكەن بولاتتى» دېگەن تۇرسا ۋە ئۇنىڭ تەسىرى شۇنچىلىك يامان بولسا، بۈگۈنكى كۈنلەردە ئاغزى غەيۋەتتىن تىنمايدىغانلارنىڭ ھالىنى قانداق مۆلچەرلەيسەن؟!

ئۇلارنىڭ سۆزلىرى قانچىلىغان دېڭىزلارنى بۇلغاپ، قانچىلىغان سۇلارنى سېسىتىپ، قانچىلىغان پاك يېمەكلىكلەرنى چىرىتقاندۇ ـ ھە؟!

ئۆمەر ئىبنى شۇئەيب دادىسى ۋە چوڭ دادىسىدىن رىۋايەت قىلىدۇكى: ئۇلار رەسۇلۇللاھنىڭ يېنىدا بىر ئادەمنىڭ باشقىلارغا يىگۈزمىگۈچە يېمەيدىغانلىقىنى، ئۇلاغقىمۇ باشقىلار مىنمەستىن مىنمەيدىغانلىقىنى زىكرى قىلغاندا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئۇنىڭ غەيۋىتىنى قىلدىڭلار» دېگەن. ئۇلار: يارەسۇلۇللاھ بىز پەقەت ئۇنىڭدا بار سۈپەتنى زىكرى قىلدۇق، دېۋىدى. رەسۇلۇللاھ: «ئۇنىڭدا بار سۈپەتنى زىكرى قىلىشىڭ (غەيۋەتكە) كۇپايە قىلىدۇ» دېدى.

قېنى بىزنىڭ ھەربىرىمىز ئۆزى ھەققىدە ئويلىنىپ باقسۇن! كىم غەيۋەتتىن ئۆزىنى ساقلاپ قالدى؟ كىم ئۆز



بۇرادىرىنىڭ ئىززەت شەرىپىنى ساقلاپ قالدى؟ بىزنىڭ ئارىمىزدىن كىم خاتالىق ۋە ئەيىپ ـ نۇقسانلاردىن خالىي بولالايدۇ؟ كىم ياخشى يامان ئىشلىرىنىڭ ھەممىسى زىكرى قىلىنىشقا رازى بولىدۇ؟

بىزنىڭ بىرىمىزدىكى ئەيىبنى ئۇچۇق دېمەستىن مۇنداقلا بىر دارىتىپ ئۆتۈپ كەتكەنگە خاپا بولىدىغان تۇرساق، يوق يەرلىرىمىزدە سۆز تارقىتىپ يۈرسە قانداقمۇ رازى بولىمىز؟!

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «مەن ئاسمانغا ئېلىپ چىقىلغاندا تىرناقلىرى تۇچتىن بولغان، ئۇنىڭ بىلەن يۈزلىرىنى، مەيدىلىرىنى تاتىلاۋاتقان بىر قەۋمنى كۆرۈپ: ئى جىبرىئىل! ئۇلار كىم؟ دېۋىدىم. جىبرىئىل: بۇلار كىشىلەرنىڭ گۆشلىرىنى يەيدىغان (غەيۋەت قىلىدىغان) ئۇلارنىڭ ئابرۇيىنى تۆكىدىغان كىشىلەردۇر، دېدى».

بۇ ھەدىسنى ئاڭلاپ تۇرۇپ غەيۋەت قىلىدىغان، مۇسۇلمانلارنىڭ گۆشىنى يەيدىغانلارنىڭ ئەقىللىرى قەيەرگە كەتتىكىن تاڭ؟!

غەيۋەتخورلارغا يۈزلىرىنى، مەيدىلىرىنى تاتىلايدىغان تۇچ تىرناقلار بىلەن بېشارەت بېرىڭلار! ئۇلار ئىشلىگەن ناھايىتى قەبىھ ـ ناچار ئەمەللىرى سەۋەبى ئۇلارنى

ئازابلايدىغان تىرناقلار زىيانكار ۋەھشىي ھايۋانلارنىڭ تىرناقلىرىدىنمۇ بەتتەردۇر.

ئى غەيۋەتخورلار! بۇنىڭدىن كېيىن غەيۋەت قىلامسىلەر ـ قىلمامسىلەر، ئۆزەڭلار بىلىڭلار!

ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ مۇنداق دەيدۇ: بىز پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىدا ئولتۇراتتۇق، سورۇندا ئولتۇرغانلاردىن بىرى ئورنىدىن قوپۇپ كېتىشى بىلەنلا، باشقا بىرسى ئۇ كىشى ھەققىدە غەيۋەت قىلىشقا باشلىدى، بۇنى ئاڭلاپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «چىشىڭنى كوچىلىۋەت» دېدى. ئۇ كىشى: مەن گۆش يېمىگەن تۇرسام نېمىشقا چىشىمنى كوچىلايدىكەنمەن؟ دېدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا: «چۈنكى سەن قېرىندىشىڭنىڭ گۆشىنى يېدىڭ» دېدى.

بۈگۈنكى جەمئىيىتىمىزگە قارايدىغان بولساق، بىرسى غەيۋەتنى بولۇشىغا قىلىدۇ، قىلىپ بولۇپلا مەن غەيۋەت قىلمىدىم، گۆش يېمىدىم، ھېچقانداق ئىش قىلمىدىم، دەپ تۇرىۋالىدۇ. چۈنكى بىز غەيۋەتنىڭ نېمىلىكىنى بىلمەستىن، تىللىرىمىزنى غەيۋەتكە بويسۇندۇرۇپ قويغان.

## دىنىمىزنى چۈشىنەيلى!

قوۋدرىتىمىزنىڭ يېتىشىچە ھالال ـ ھارامنى ئايرىپ، قايسى سۆزنىڭ ھالال قايسىنىڭ ھاراملىقىنى بىلەيلى!

## غەيۋەتكە قۇلاق سېلىشنىڭ ھاراملىقى

اللە تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿(ئىنسان قىيامەت كۈنى) قۇلاق، كۆز، دىل (يەنى سەزگۈ ئەزالىرى) نىڭ قىلمىشلىرى ئۈستىدە ھەقىقەتەن سوئال ـ سوراق قىلىنىدۇ﴾[1].

اللە تائالا يەنە مۇنداق دېگەن: ﴿ئۇلار بىلەن بىللە ئولتۇرماسلىقنى شەيتان ساڭا ئۇنتۇلدۇرغان بولسا، ئېسىڭگە كەلگەندىن كېيىن، زالىم قەۋم بىلەن بىللە ئولتۇرمىغىن﴾[2].

اللە تائالا مۆمىن بەندىلىرى ھەققىدە مۇنداق دېگەن: ﴿ئۇلار بىھۇدە سۆزلەرنى ئاڭلىغاندا ئۇنىڭدىن يۈز ئۆرىدى (يەنى قۇلاق سالمىدى)﴾[3].

كەئب ئىبنى مالىكنىڭ تەۋبە قىلىش ۋەقەسىگە ئائىت ئۇزۇن ھەدىسنىڭ بىر قىسمىدا مۇنداق كەلگەن: ئابدۇللاھ ئىبنى كەئب ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تەبۇكقا بارغاندىن كېيىن دەم ئېلىش ئۈچۈن ئولتۇرغىنىدا: «كەئب مالىكقا نېمە بولدى؟»

---

[1] سۈرە ئىسرا 36ـ ئايەت.
[2] سۈرە ئەنئام 68 ـ ئايەتنىڭ بىرقىسمى.
[3] سۈرە قەسەس 55 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.



دەپ سوراپتۇ. بەنى سەلەمە جەمەتىدىن بولغان بىر كىشى: ئى اللە نىڭ پەيغەمبىرى! كەئبنى ئۆزىنىڭ تونىنى كىيىپ، ئىككى يانغا بېقىشلىرى (ئۆزىدىن پەخىرلىنىپ) ئۇنى ئۆرۈشقا كەلگىلى قويمىغاندۇ، دەپتۇ. مۇئاز ئىبنى جەبەل رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: بۇرادەر، سەن يامان سۆز قىلدىڭ، اللە نىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، ئى اللە نىڭ پەيغەمبىرى! بىز كەئبتە ياخشىلىقتىن باشقىنى بىلمەيمىز، دەپتۇ. شۇنىڭ بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام گەپ قىلماپتۇ. [بىرلىككە كەلگەن ھەدىس]

## يۇقىرىقى ئايەت ھەدىسلەردىن ئېلىنىدىغان پايدىلار:

1 ـ ئىنسان غەيۋەتكە ماسلىشىپ ئۇنىڭغا قۇلاق سالغانلىقىغا قىيامەت كۈنى اللە ئالدىدا مەسئۇلىيەتكە تارتىلىدىغانلىقى.

2 ـ غەيۋەتخورلار سورۇنىدا ئولتۇرۇشنىڭ ھاراملىقى.

3 ـ غەيۋەت ۋە ناچار سۆزلەرگە قۇلاق سالماسلىق مۆمىنلەرنىڭ سۈپەتلىرىدىن ئىكەنلىكى.

كەئب ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ۋەقەسى ھەققىدە كەلگەن ھەدىس خۇددى مۇئاز رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: "بىز كەئبنىڭ پەقەت ياخشى ئادەم

ئىكەنلىكىنىلا بىلمىز“ دېگەندەك سۆزلەرنى قىلىش، غەيۋەتنى توسۇش ۋە غەيۋەتخورنىڭ سۆزىنى يەرگە ئۇرۇپ قېرىندىشىڭنىڭ ياخشى تەرىپلىرىنى زىكرى قىلىش ئارقىلىق ئۇنى مۇداپىئە قىلىشقا ئۈندەيدۇ.

ئەبۇدەردا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «كىمكى ئۆز بۇرادىرىنىڭ ئابرۇيىنى قوغداپ قالسا، اللّٰه قىيامەت كۈنى ئۇ كىشىنى دوزاختىن قوغداپ قالىدۇ». [تىرمىزىدىن]

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «ھەرقەنداق بىر ئادەم ئۆزىنىڭ قېرىندىشىغا قېرىندىشى يوق يەردە ياردەم بەرسە، اللّٰه ئۇ كىشىگە دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە ياردەم بېرىدۇ».

يۇقىرىقى سۆزلەرنىڭ ھەقىقىي ماھىيىتى چۈشۈنىلسە ئىدى، بىھۇدە سۆز قىلغۇچىلارغىمۇ سۆز، غەيۋەتخورلارغىمۇ غەيۋەت قىلىش مەيدانى قالمىغان بولاتتى.

ھەرقانداق بىركىشى كۈنىمىزدىكى ئىنسانلارغا قارايدىغان بولسا، ئۇلارنىڭ بۇنىڭ ئەكسىچە ئىش قىلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈش بىلەن بىرگە تۆۋەندىكىلەرنى ھېس قىلىدۇ:



1 ـ مۇسۇلمان ھەقىدە ناچار سۆز قىلىۋاتقان غەيۋەتخورغا مۇڭلۇق قۇلاق سېلىش.

2ـ غەيۋەتنى قىلىنغان كىشىنىڭ تېخىمۇ يامان خەۋىرىنى بېلىش ئۈچۈن غەيۋەتنى كۆڭۈل قويۇپ ئاڭلاش.

3 ـ شەيتانغا ھەمكارلىشىپ قېرىندىشىنىڭ يامان كۆرىدىغان گەپ سۆزلىرىنى كۆپ ئاڭلاش

4 ـ غەيۋەتخورنىڭ سۆزىگە ماسلىشىپ، قىلغان سۆزلىرىنى ماختاپ سورۇندا بولمىغان موسۇلمانغا داغ تەككۈزۈش.

**غەيۋەتچى ۋە ئۇنىڭغا قۇلاق سالغۇچى گۇناھتا باراۋەردۇر.**

ئىلگىرى زىكرى قىلىنغان ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ھەدىسىنى ئوبدان ئويلاڭ! ئۇ ئىككىسىنىڭ بىرى يەنە بىرىگە بۇ ئۆيدە ئۇخلىغاندەك ئۇخلايدىكەن، دېدى. بۇ سۆزنى قىلغۇچى بىر كىشى بولسىمۇ، يەنە بىرى ئاڭلاپ تەستىقلىغاندەك سۈكۈت قىلدى. شۇنىڭ ئۈچۈن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سۆز قىلغۇچى ۋە ئاڭلىغۇچىنى ئايرىماستىن: «ئۇ ئىككىسى تاماق يەپ بولدى، مېنىڭ جېنىم ئىلكىدە بولغان زات اللّٰه نىڭ

نامى بىلەن قەسەمكى، مەن سىلەرنىڭ چىشلىرىڭلار ئارىسىدا ئۇنىڭ گۆشىنى كۆرىۋاتىمەن» دېدى.

## غەيۋەتتىن چەكلەش ۋە ئۇنىڭدىن ساقلىنىش ھەققىدە كەلگەن دەلىللەر

ئى قېرىندىشىم! شۇنى بىلگىنكى! بۇرادىرىنىڭ غەيۋىتىنى ئاڭلىغان ھەرقانداق بىر كىشى غەيۋەت قىلغۇچىنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يامان ئىشنى تەرتىپ بويىچە ئۆزگەرتىشنى كۆرسەتكەن ھەدىسگە ئەمەل قىلغان ئاساستا غەيۋەتكە ھېكمەت ۋە گۈزەل نەسىھەتلەر ئارقىلىق قارشى تۇرۇشى ۋە چەكلىشى لازىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «سىلەردىن بىرىڭلار بىر يامانلىقنى كۆرسە، ئۇنى قولى بىلەن (ئەمەلىي ھەرىكىتى بىلەن) ئۆزگەرتسۇن. ئەگەر ئۇنىڭغا قادىر بولالمىسا، تىلى بىلەن (سۆزلەپ چۈشەندۈرۈش ئارقىلىق) ئۆزگەرتسۇن. ئۇنىڭغىمۇ قادىر بولالمىسا، قەلبى بىلەن بولسىمۇ نارازى بولسۇن. ئاشۇ قەلبى بىلەن نارازى بولۇش بولسا، ئىماننىڭ ئەڭ ئاجىز ئىكەنلىكىنىڭ ئىپادىسىدۇر». [مۇسلىمدىن]

بۇ ھەقتەاللە تائالانىڭ مۇنۇ سۆزىنى تەپەككۇر قىلىپ باقايلى: ﴿بىزنىڭ ئايەتلىرىمىز توغرىسىدا (تەنە ۋە مەسخىرە قىلىپ) پاراڭ سېلىشىۋاتقان كىشىلەرنى



كۆرگىنىڭدە، ئۇلار بۇنىڭدىن باشقا پاراڭغا چۈشمىگىچە، ئۇلار بىلەن بىللە ئولتۇرمىغىن، ئۇلار بىلەن بىللە ئولتۇرماسلىقنى شەيتان ساڭا ئۇنتۇلدۇرغان بولسا، ئېسىڭگە كەلگەندىن كېيىن، زالىم قەۋم بىلەن بىللە ئولتۇرمىغىن﴾[1].

گۇناھ ـ مەسىيەتكە قۇلاق سالغۇچىلار ئاگاھ بولسۇن! گۇناھ بىلەن لەززەتلىنىدىغانلار اللە دىن قورقسۇن! پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام غەيۋەتنى ئاڭلىغان ھامان تۇساشقا بۇيرۇسا، ئۇلار ئۇنى قوبۇل قىلىۋاتىدۇ.

ۋاي ئىسىت سىلەرگە! ئۆلۈمنى ئويلىماسسىلەر؟! خۇددى سىلەر ئويۇن ـ تاماشا، گۇناھ ـ مەسىيەت ئۈچۈنلا يارىتىلغاندەك؟... سىلەر راستىنلا مۇسۇلمانمۇ؟

## بىر مۇسۇلمانغا غايىبانە ياردەم بېرىش ۋە غەيۋەتتىن ساقلىنىشنىڭ پەزىلىتى

ئەبۇ دەردا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «كىمكى ئۆز بۇرادىرىنىڭ ئابرۇيىنى قوغداپ قالسا، اللە قىيامەت كۈنى ئۇ كىشىنى دوزاخ ئازابىدىن ساقلايدۇ». [تىرمىزى]

---

[1] ئەنئام 68 ـ ئايەت.

ئەسما بىنتى يەزىد رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «كىمكى قېرىندىشىنىڭ ئىززەت شەرىپىنى قوغدىسا، اللّٰه ئۇنى چوقۇم ئوتتىن ئازات قىلىۋېتىدۇ».

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «كىمكى، قېرىندىشىنىڭ ئىززەت ـ شەرىپىنى ساقلىسا، اللّٰه قىيامەتتە ئۇنىڭ يۈزىنى ئوتتىن ساقلايدۇ».

مۇئاز رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «كىمكى بىر مۆمىننى مۇنافىقنىڭ يامانلىقىدىن ساقلاپ قالسا، اللّٰه قىيامەت كۈنى بىر پەرىشتە ئەۋەتىپ ئۇنىڭ گۆشىنى جەھەننەمنىڭ ئوتىدىن ساقلاپ قالىدۇ. كىمكى بىرمۇسۇلماننى ئەيىبلەش ئۈچۈن تۆھمەت قىلسا ۋە بۇ دۇنيادا قىلغان تۆھمىتىدىن قايتىپ تەۋبە قىلمىسا، اللّٰه ئۇنى قىيامەت كۈنى جەھەننەمنىڭ كۆۋرىكىدە توختىتىپ قويىدۇ».

## مۆمىنلەرنىڭ غەيۋىتىنى قىلىدىغانلارنىڭ پورىقى

جابىر رەزىيەللاھۇئەنھۇ رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: بىز پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىدا ئولتۇراتتۇق، ناھايىتى سېسىق پۇراقلىق شامال كەلدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «بۇ پۇراقنىڭ نېمىلىكىنى بىلەمسىلەر؟ بۇ مۆمىنلەرنىڭ غەيۋىتىنى قىلىدىغانلارنىڭ پۇرىقى» دېدى.



## غەيۋەتخورنىڭ قەبرىدە ئازابلىنىدىغانلىقى

ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: بىر قېتىم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەن ۋە يەنە بىر ھەمراھىينىڭ ئوتتۇرىدا مېڭىپ كېتىۋېتىپ ئىككى قەبرىنىڭ يېنىغا كېلىپ: «بۇ ئىككى قەبرىنىڭ ئىگىلىرى ئازابلىنىۋاتىدۇ، بىر تال شاخ ئەكېلىڭلار» دېدى. بىز ئىككىمىز ئالدىراپ بېرىپ شاخ ئەكەلدۇق، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنى ئىككىگە يېرىپ ئىككى قەبرىگە قويۇپ: «بۇ شاخ قورۇپ كەتكەنگە قەدەر اللّٰه ئۇلارنىڭ ئازابىنى يېنىكلەتسە ئەجەپ ئەمەس، ئۇ ئىككەيلەن باشقا ئىش سەۋەبىدىن ئازابلانمايۋاتىدۇ. بەلكى بىرى چېقىمچىلىق قېلىش يەنە بىرى سۈيدۈك چاچراپ كېتىشتىن ساقلانماسلىق سەۋەبىدىن ئازابلىنىۋاتىدۇ» دېدى.

## غەيۋەتخور ئوبرازى خۇنۈك، قورقۇنچاق كىشىدۇر

غەيۋەتخور ئوبرازى خونۇك قورقۇنچاق كىشىدۇر. چۈنكى ئۇ باشقىلارغا تاقابىل تۇرۇشقا ۋە ھەقنى

سۆزلەشكە جۈرئەت قىلالمايدۇ. ئەگەردە ئۇ جۈرئەتلىك بولسا ئىدى، باشقىلارنىڭ خاتالىقىنى ئالدىدا سۆزلىيەلىگەن بولاتتى.

بىزنىڭ بىرىمىز نېمە ئۈچۈن ئەيىپ ئىگىسىگە تاقابىل تۇرۇشقا جۈرئەت قىلىپ، ياخشىلىققا بۇيرۇپ، يامانلىقتىن توسۇپ، اللە نىڭ رەھمىتىنى قولغا كەلتۈرۈشتىن ئىبارەت بۈيۈك مۇكاپاتنى قولغا كەلتۈرۈپ، اللە نىڭ مۇنۇ سۆزىنى ئۆزىگە تەتبىقلىمايدۇ؟! اللە مۇنداق دەيدۇ: ﴿اللە غا (يەنى اللەنىڭ تەۋھىدىگە ۋە تائىتىگە) دەۋەت قىلغان، ياخشى ئەمەللەرنى قىلغان ۋە «مەن ھەقىقەتەن مۇسۇلمانلاردىنمەن» دېگەن كىشىدىنمۇ ياخشى سۆزلۈك ئادەم بارمۇ؟﴾

گۇناھكار ئۆز گۇناھىنى ۋە كەمچىلىكىنى ھېس قىلىدۇ، لېكىن سەن بۇ سۆزلەرنى ئارقىسىدا قىلساڭ، اللە تائالانىڭ نەزىرىدە گۇناھكار، بۇرادىرىڭنىڭ گۆشىنى يېگۈچى، بولىدۇڭ. ئەگەر بۇ سۆزلەر غەيۋەتنى قىلغان كىشىگە يەتكۈزۈلسە، سەن قېيىن ھالغا چۈشۈپ قالىسەن. ھەتتا بەزىدە ياق! مەن ئۇنداق دېمىدىم، دەپ يالغان ئېيتىسەن.

شۇنىڭ ئۈچۈن سەن بۇ ئىككى يولدىن خالىغىنىڭنى تاللىۋال. ھەر ئىككىسى سەن ئۈچۈن ئاسان.



## غەيۋەتخور ئىمانى ناقىس كىشىدۇر

ئى غەيۋەتخور! ئالدىرما!

سەن ئىمانىڭ ناقىس ئىكەنلىكىنى بىلمەمدىڭمۇ؟

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: «سىلەرنىڭ بىرىڭلار ئۆزى ياخشى كۆرگەن نەرسىنى دىنىي قېرىندىشى ئۈچۈنمۇ ياخشى كۆرمىگىچە ھەقىقى مۆمىن بولالمايدۇ» دېگەنلىكىنى ئاڭلىمىدىڭمۇ؟!

غەيۋەت قىلغىنىڭدا ئۆزەڭگە ياخشى كۆرگەن نەرسىنى دىنىي قېرىندىشىڭ ئۈچۈنمۇ ياخشى كۆردۇڭمۇ؟!

بىرىنىڭ سەن يامان كۆرىدىغان ئىشلارنى ئارقىڭدا زىكرى قىلىشىنى ياخشى كۆرەمسەن؟

ئۆزەڭگە يامان كۆرىدىغان ئىشنى باشقىلار ئۈچۈن قانداقمۇ راۋا كۆرىسەن ؟!

ئىمان بىلەن غەيۋەت قىلماسلىقنىڭ مۇناسىۋىتى بارلىقى بىلمىدىڭمۇ؟!

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: «سىلەرنىڭ بىرىڭلار ئۆزى ياخشى كۆرگەن نەرسىنى دىنى قېرىندىشى ئۈچۈنمۇ ياخشى كۆرمىگىچە ھەقىقىي مۆمىن بولالمايدۇ» دىگەن سۆزنى ياخشى ئويلان! كىمكى ئۆزىگە ياخشى كۆرگەننى قېرىندىشىغىمۇ ياخشى كۆرسە

قەلبى ھىدايەت تاپىدۇ ۋە ئىمان يولى ئاسانلاشتۇرىلىدۇ. كىمكى شۇنداق قىلمايدىكەن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ «ھەقىقىي مۆمىن بولالمايدۇ» دېگەن سۆزىنى تەتبىقلىسۇن.

غەيۋەت قىلغاننىڭ بەدىلىگە قانداق جازالارغا ئۇچرايدىغانلىقىنى ياخشى ئويلانسۇن!

ھەقىقەتەن ئىمان، ئىنسان قولغا كەلتۈرگەن نەرسىنىڭ ئەڭ قىممەتلىكىدۇر.

غەيۋەت ياخشىلىقنى بۇيرۇپ يامانلىقتىن توسۇشتىن چەكلەپ قويىدۇ.

ئەگەردە بىز مۇسۇلمانلىقىمىزدا راستچىل، ئەمەللىرىمىزدە ئىخلاسمەن بولغان بولساق ئەيىب، خاتالىق، كەمچىلىك ئىگىلىرىنى ئۇچراتقىنىمىزدا، ئۇنىڭغا تاقابىل تۇرغان ۋە ياخشىلىقنى بۇيرۇپ يامانلىقتىن توسقان بولاتتۇق.

قاچانكى ئۇنىڭدا ناتوغرا ئەھۋاللار كۆرۈلسە ياكى شەيتان بىزگە غەيۋەتنى بېزەپ قەلبلىرىمىزگە ياخشى كۆرسەتسە، بىز دەرھال بۇنىڭ ناچار خىسلەتلىكىنى ئەسلىگەن ۋە بۇ ئىشنىڭ يامانلىقىنى بۇيرۇغۇچى نەپسلەرگە ياخشى كۆرۈلۈپ، اللە غا يامان كۆرىلىدىغان ئىش ئىكەنلىكىنى بىلگەن بولاتتۇق.



لىكىن بەزىلەر، بۇنداق ئازغۇنلۇق، گۇناھ ـ مەسىيەتلەر بىلەن تولۇپ تاشقان قەلبكە قانداقمۇ قۇتۇلۇش بولسۇن؟! دەيدۇ.

ئەمما بىز اللە نىڭ دىنىنىڭ يەڭگىل ۋە رەھىمدىلىق دىن ئىكەنلىكىنى، غەزەپىنىمۇ ئىتائەت ۋە ياخشىلىق بەرپا قىلىش ئۇچۇن تەسەررۇپ قىلىش مۇمكىنلىكىنى بىلىمىز.

قېرىندىشىم! سەن بۇ خاتالىق ئۆتكۈزگۈچى كىشىنىڭ يېنىغا بار، قەلبىڭدىكىنى ئۇنىڭغا ھىكمەت ۋە گۈزەل نەسىھەتلەر ئارقىلىق چۈشەندۈر! بۇ جەرياندا سېنىڭ مۇنداق قىلىشىڭ پەقەت اللە رىزالىقى ئۈچۈنلا ئىكەنلىكىنى، سەن بۇلارنى پەقەت ئۆزۈڭگە ياخشى كۆرگەننى قېرىندىشىڭغىمۇ ياخشى كۆرگەنلىكىڭ ئۈچۈنلا قىلىۋاتقانلىقىڭنى مەلۇم قىل! قەلبىڭدە ئۇنىڭغا قارىتا قىلچە ئۆچمەنلىك ساقلىما!

ھەر قېتىم ئۇنىڭدا خاتالىق كۆرۈلسە ئۇنىڭ قېشىغا بېرىپ، ياخشىلىققا بۇيرۇپ، يامانلىقتىن توسقىن! بۇ ئارقىلىق ئىنسانلار مەنپەئەتى ئۈچۈن ئوتتۇرىغا چىقىرىلغان ياخشىلىققا بۇيرۇپ، يامانلىقتىن توسىدىغان، اللە غا ئىمان ئېيتىدىغان ئەڭ ياخشى ئۈممەت قاتارىدىن بولىسەن.

ئى قېرىندىشىم! سەن اللە تائالانىڭ مۇنۇ سۆزىنى ئۇقۇمىدىڭمۇ؟ ﴿(ئى مۇھەممەد ئۈممىتى!) سىلەر

ئىنسانلار مەنپەئەتى ئۈچۈن ئوتتۇرىغا چىقىرىلغان ياخشىلىققا بۇيرۇپ يامانلىقتىن توسىدىغان اللّٰه غا ئىمان ئېيتىدىغان ئەڭ ياخشى ئۈممەتسىلەر﴾[1] ئەپسۇس كۈنىمىزدىكى كىشلەرگە قارايدىغان بولساق بىز ئۇلارنى تائەتكە مەسىيەتنى تېگىشىپ، قېرىنداشلىرىغا قىلغان ئۈچمەنلىكلىرىدىن خوشال بولۇپ دائىم غەيۋەتتىن خالىي بولالمايۋاتقانلىقىنى كۆرەلەيمىز. بۇ نېمە دېگەن يامان ـ هە!

## قىلسا بولىدىغان غەيۋەتلەر توغرىسىدا

غەيۋەت ھەققىدە مەلۇم دەرىجىدە سۆزلەپ بولغاندىن كېيىن، شەرئى دەلىللەر ئارقىلىق مۇباھ قىلىنغان غەيۋەت ھەققىدە توختىلىپ ئۆتۈشنى مۇۋاپىق كۆردۈم.

لېكىن ئىنسان شەيتاننىڭ ئازدۇرىشى بىلەن مۇباھتىن ھارامغا چۆشۈپ قېلىشتىن ئاگاھ بولۇشى كېرەك. چۈنكى كىشى ھەردائىم مۇباھ غەيۋەتنى قىلىۋەرسە شەيتان ئۇنىڭغا ھارامنىڭ ئىشىكلىرىنى ئېچىپ ئازدۇرۇشقا ئورۇنىدۇ. جۈملىدىن مۇباھنىڭمۇ چەك ـ چېگراسى بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇنى قىلماقچى بولغان كىشى باشقىلارغا ئەزىيەت يەتكۈزۈش ياكى ئۆزىنى مەشھۇر قېلىش نىيىتى بولماستىن بەلكى

---

[1] سۈرە ئال ئىمران 111ـ ئايەت.



دۇرۇس نىيەت، ساپ كۆڭۈل، ناھايىتى ئېھتىياتچان بولۇشى كېرەك. چۈنكى اللّٰه تائالا كۆزلەرنىڭ خىيانىتى ۋە قەلبلەر يۇشۇرغان ھەممە نەرسىنى بىلگۈچىدۇر.

### غەيۋەت مۇباھ قىلىنغان ئىشلار:

**1** ـ يەتكەن زۇلۇمنى شىكايەت قىلىش. سۇلتان ياكى قازىنىڭ ئالدىغا بېرىپ شۇ ئىشنى توغرا بىر تەرەپ قىلىپ بېرىش ئۈچۈن پالانچى ماڭا مۇنداق ـ مۇنداق زۇلۇم قىلدى، دېيىشى بولىدۇ.

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن قىلىنغان رىۋايەتتە ئۇ مۇنداق دېگەن: ئەبۇسۇفياننىڭ ئايالى ھىندى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىغا كېلىپ: ئەبۇسۇفيان بېخىل ئادەم، مەن ئۇنىڭغا بىلدۈرمەي ئېلىۋالغان نەرسىدىن باشقا ماڭا ۋە بالامغا كۇپايە قىلغۇدەك نەرسە بەرمەيدۇ، دېۋىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «سىز ئاشۇرۇۋەتمەستىن ئۆزىڭىزگە ۋە بالىڭىزغا كۇپايە قىلغۇدەك ھالدا ئېلىڭ» دېدى. [بىرلىككە كەلگەن ھەدىس]

**2** ـ پەتىۋا سوراش ئۈچۈن، پەتىۋا بەرگۈچىگە ئائىلەمدىكىلەر ماڭا ناھەقچىلىق قىلىۋاتىدۇ ياكى پالانچى مۇنداق زۇلۇم قىلىۋاتىدۇ، قانداق قىلغاندا بۇ زۇلۇمدىن قۇتۇلىمەن؟ دەپ چىقىش يولى سورىسا دۇرۇس.

**3** ـ يۇقىرىقى ھەدىسنىڭ ھەدىسگە ئوخشاش، مۇنكەرنى ئۆزگەرتىش ياكى مۇسۇلماننىڭ بېشىغا كەلگەن مۇسىبەتنى كۆتۈرۈۋېتىش ئۈچۈن ياردىمى بولىدىغان سۆزلەرنى قىلىش دۇرۇس.

**4** ـ مۇسۇلمانلارنى يامانلىقتىن ئاگاھلاندۇرۇش، ئۇلارغا سەممىي بولۇش يۈزىسىدىن غەيۋەت قىلىش، بەزى بىر ھەدىس رىۋايەت قىلغۇچىلارنىڭ خاتالىقىنى ئۇقتۇرۇپ قويۇش، گۇۋاھچىلارنىڭ ناچارلىقىنى ۋە ئۇنىڭدىن باشقا ئاگاھلاندۇرۇشقا تېگىشلىك بارلىق ئىشلاردىن ئىككىلەنمەستىن ئاگاھلاندۇرۇپ قويۇش بەلكى ۋاجىبتۇر.

زەيد ئىبنى ئەرقەم رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنغان ھەدىستە ئۇ مۇنداق دېگەن: بىز پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن بىر سەپەرگە چىقتۇق، بۇ سەپەردە كىشىلەر ناھايىتى كۆپ مۇشەققەتكە دۇچار بولدى. بۇنىڭ بىلەن ئابدۇللاھ ئىبنى ئۇبەي: رەسۇلۇللاھنىڭ ئەتراپىدىكىلەرنى تەمىنلىمەڭلار! ئۇنىڭ ئەتراپىدىن تارقاپ كەتسۇن! بىز مەدىنىگە قايتساق ئەڭ ئىزىز ئادەم (يەنى مۇنافىقلار ئۆزلىرىنى دېمەكچى) ئەڭ خار ئادەمنى (يەنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى دېمەكچى) مەدىنىدىن چىقىرىۋېتىدۇ، دېدى. مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا كېلىپ بۇ ئەھۋالنى خەۋەر قىلدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئابدۇللاھ ئىبنى



ئۇبەيگە ئادەم ئەۋەتىپ چاقىرتىپ ئۇنىڭدىن بۇ ھەقتە سورىدى، ئابدۇللاھ ئىبنى ئۇبەي ئۇنداق دېمىگەنلىكىگە قاتتىق قەسەم قىلىپ تۇرىۋالدى ۋە ساھابىلار: زەيد رەسۇلۇللاھقا يالغان سۆزلەپتۇ، دېدى. بۇ ئىش ماڭا قاتتىق تەسىر قىلىپ كۆڭلۈم ناھايىتى بىئارام بولدى. ھەتتا اللە تائالا مېنىڭ سۆزۈمنى تەستىقلاپ "مۇنافىقۇن" سۈرىسىنى نازىل قىلدى. ئاندىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنافىقلارنى مەغپىرەت تەلەپ قىلىشقا چاقىرى. بۇنداق قىلىشتىن ئۇلار باش تارتتى....

ئىمام شەۋكانى (اللە ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن) ھەدىس شەرىفتە كەلگەن: نەسىھەتنىڭ اللە ۋە اللە نى كىتابى ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى، موسۇلمانلارنىڭ ئىمامى ۋە پۈتۈن مۇسۇلمانلار ئۈچۈن بولىدىغانلىقىنى بايان قىلىپ ھەقىقەتەن يالغانچىنىڭ يالغانچىلىقى باشقىلارغا بىلدۈرۈپ قويۇش اللە ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى ۋە ھەممە مۇسۇلمانلار ئۈچۈن ۋاجىپ بولغان نەسىھەتنىڭ ئەڭ كاتتىسى، دېگەن.

**5** ـ توي ئىشلىرىدا ياكى تىجارەت شېرىكچىلىكى ۋە قوشىنىدارچىلىقتا ئالاقىدار مەسىلىلەردە باشقىلارغا مەسلىھەت بەرگەندە.

بۇنىڭ مىسالى ـ فاتىمە بىنتى قەيس رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى ئۇ مۇنداق دەيدۇ: مەن

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا كېلىپ: ئەبۇجەھمى بىلەن مۇئاۋىيە ماڭا توي تەلىپى قويدى (قانداق قىلسام بولار؟) دېدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «مۇئاۋىيە نامرات، مېلى يوق ئادەم، ئەبۇجەھمى يەلكىسىدىن ھاسىسى چۈشمەيدىغان ئادەم» دېدى.

ئۇنىڭ مەنىسى: ئۇ كۆپ سەپەر قىلىدىغان ئادەمدۇر، دېيىلگەن. يەنە بىر رىۋايەتتە: ئەبۇجەھمى ئاياللىرىنى بەك ئۇرىدىغان كىشى ـ دېيىلگەن.

ھەدىستە: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «مۇسۇلماننىڭ مۇسۇلماندا ئالتە تۇرلۇك ھەققى باردۇر» دىگەندە، ساھابىلار: ئۇلار قايسى؟ يارەسۇللاھ! دەپ سورىدى. رەسۇلۇللاھ: «ئەگەر ئۇچراشساڭ سالام بېرىش، سېنى چاقىرغان يەرگە بېرىش، ئەگەر سەندىن نەسىھەت تەلەپ قىلسا نەسىھەت قىلىش....» دەپ جاۋاب بەرگەن.

**6** ـ خاتا پىكىردىكىلەرگە پوزۇتسىيە بىلدۇرۇش ياكى بىدئەتخورنىڭ بىدئەت ئىشلىرىنى باشقىلارغا ئېلان قىلىش ئۇچۇن سۆز قىلىش جائىزدۇر، لېكىن ئىلگىرى باشقىلار تىلغا ئالمىغان ئېيىپلار بىلەن زىكرى قىلماسلىق كېرەك.

بۇ ھەقتە ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، بىر كىشى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ



ئالدىغا كىرىشكە رۇخسەت سورىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «قەبىلىسىنىڭ ئەسكى بۇرادىرىگە رۇخسەت قىلىڭلار» دېدى. بۇ ھەدىسنى بۇخارى پاسادچىلارنىڭ غەيۋىتىنى قىلىشنىڭ دۇرۇسلىقىغا دەلىل قىلدى.

يەنە بىر ھەدىستە ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «مەن پالانچى، پالانچىلارنى بىزنىڭ دىنىمىزدىن بىرەر نەرسىنى بىلىدۇ، دەپ قارىمايمەن».

لەيس: تىلغا ئالغان بۇ ئىككى كىشى مۇناپىق ئىدى، دەيدۇ.

**7** ـ بىر كىشىنى باشقىلارغا تونۇشتۇرۇشقا توغرا كېلىپ، ئۇ ئادەم ئاقساق، تۇكۇر، قارغۇ، گاچا دېگەندەك مەلۇم بىر لەقەم بىلەن تونۇلغان بولسا، لەقىمىنى تىلغا ئېلىش جائىز. لېكىن ئۇ كىشىنى تۆۋەن ساناش ياكى ئەيىبلەش مەقسىتىدە تىلغا ئالسا ھارامدۇر. مۇمكىن بولسا لەقىمىنى تىلغا ئالماستىنلا تونۇشتۇرۇش ناھايىتى ياخشى.

ئۇ سەير ئىبنى جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، كۇفە خەلقى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ يېنىغا كەلدى. ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئۇۋەيسنى مەسخىرە قىلىدىغان كىشىلەردىن بىر كىشى بار ئىدى. ئۆمەر: بۇ يەردە قەرەن جەمەتىدىن بىرەرسى بارمۇ؟ دېدى. ئاندى

ئۇ كىشى كەلدى. ئۆمەر: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەقىقەتەن مۇنداق دېگەن ئىدى: «سىلەرگە يەمەندىن ئۇۋەيس ئىسىملىك بىر كىشى كېلىدۇ، ئۇ يەمەنگە ئانىسىدىن باشقا نەرسىنى قالدۇرۇپ قويمايدۇ. ئۇنىڭدا ھەقىقەتەن ئاق كېسەل بولۇپ، اللە غا دۇئا قىلىۋېدى، ئۇنىڭدىكى ئاق كېسەل ساقىيىپ پەقەت تەڭگىنىڭ ياكى تىللانىڭ ئورنىچىلىك يەر قالدى. سىلەردىن كىمكى ئۇنىڭغا ئۇچراشسا، ئۆزى ئۈچۈن مەغپىرەت تەلەپ قىلغۇزسۇن» دېگەن، دېدى.

شەۋكانى مۇنداق دەيدۇ: ئەگەر لەقەب ئىگىسى شۇ لەقەب بىلەن ئاتالمىغىچە، پەقەت تونۇلمايدىغان ھالدا بولسا، بۇ ۋاقىتدا ئۇنىڭ لەقىبى، ئۇنىڭ لەقىبي بولماي بەلكى ئۇنىڭ ئىسمى بولىدۇ، دەيدۇ.

## قىلسا بولىدىغان غەيۋەتتە دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك مۇھىم ئىشلار

1 ـ نىيىتى اللە غا خالىس بولۇش. ئەگەردە ئۇنىڭدىكى كەمچىلىكنى تۈزىتىش نىيىتىدە بولماي، ئۇنى سۇندۇرۇش ياكى ئەيىبلەش مەقسىتىدە سۆزلىسە گۇناھكار بولىدۇ. مەسىلەن: كۈنىمىزدە ئەڭ كۆپ يۈز بېرىۋاتقان بىر ئىش، بىر كىشى يەنە بىر كىشىگە توي ئىشلىرىدا مەسلىھەت سالسا، ئۇنىڭدا بار بولغاننى



ھەقنى سۆزلەش نىيىتىدە ئەمەس بەلكى ئۇنىڭغا ھەسەت قىلىپ ئاشۇ قىز بىلەن بولماقچى بولغان توي ئىشىنى ئەپلەشتۈرمەسلىك نىيىتىدە سۆز قىلىش ھارامدۇر.

2 ـ سەن قېرىندىشىڭدا بولغان بىر ئىشنى ئەمەلگە ئېشىشى مۇھىم بولغان بىر پايدىنى كۆزدە تۇتۇپ قىلىشىڭ ۋە باشقىلارنىڭ ئەيىبىنى سۆزلەش ئارقىلىق ئۆزەڭگە نەپ يەتكۈزۈش نىيىتىدە بولماسلىقىڭ كېرەك.

3 ـ بۇ غەيۋەتنىڭ ئارقىسىدىن كېلىدىغان پايدىدىن زىياننىڭ كۆپرەك ئىكەنلىكىنى ۋە مۇسۇلمانلارغا زىيان ئېلىپ پىتنىگە سەۋەب بولمايدىغانلىقىنى كەسكىن ھالدا مۆلچەرلەش.

## غەيۋەتتىن تەۋبە قىلىش

ئى قېرىندىشىم! شۇنى بىلگىنكى غەيۋەتتىن تەۋبە قىلىش ۋاجىپتۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن اللە غا قايتىپ ئۇنىڭغا تەۋبە قىلىشقا ئالدىرىغىن! چۈنكى بىر اللە دىن باشقا گۇناھلارنى مەغپىرەت قىلغۇچى يوقتۇر.

تەۋبىنىڭ شەرتلىرى تۆت تۈرلۈك بولۇپ، ئۇلار تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت:

1 ـ غەيۋەتخور غەيۋەت قىلىشنى قەتئىي تاشلاش.

2 ـ ئىلگىرى قىلغان غەيۋەتلىرىگە ھەقىقىي پۇشايمان قىلىش.

3 ـ مەڭگۈ غەيۋەت قىلماسلىققا بەل باغلاش ۋە قىلماسلىق.

4 ـ غەيۋەتنى قىلىپ سالغان قېرىندىشىدىن رازىلىق تەلەپ قىلىش، ئۇنىڭدىن كەچۈرۈم سوراش. ئەگەر كەچۈرۈم سورىغاندا پىتنە ـ پاساد يۈز بېرىپ قېلىشتىن قورقسا، اللہ غا دۇئا قىلىپ مەغپىرەت سوراش بىلەن كۇپايە قىلىش.

ئىبنى كەسىر (اللہ ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن) سۈرە ھۇجۇراتنىڭ تەپسىرىدە: غەيۋەتنى قىلىپ سالغان قېرىندىشىدىن رازىلىق تەلەپ قىلىش ۋە ئۇنىڭدىن كەچۈرۈم سوراش، دېگەن بولسىمۇ باشقا ئالىملار ئۇنداق قىلىشنى شەرت قىلمايدۇ. ئۇنىڭ سەۋەبى، ئەگەر ئەيىب ئىگىسىگە مەلۇم قىلىنسا ئۇ كىشى تېخىمۇ ئەزىيەت چېكىشى مۇمكىن دېگەننى كۆزدە تۇتقانلىقىدىندۇر.

ئەمما شەيخ ئەلبانى ئىمام نەۋەۋىينىڭ (ياخشىلارنىڭ باغچىسى) دىكى تەۋبە ھەققىدىكى سۆزىگە ئەگەشتۈرۈپ، ئەگەردە گۇناھ، غەيۋەت قىلغان ئىشقا ئائىت بولۇپ، غەيۋەتنى قىلىنغان كىشىدىن كەچۈرۈم سوراش ئۇچۇن ئۇنىڭغا مەلۇم قىلىنسا پىتنە ـ پاسات كېلىپ چىقمايدىغان شارائىت ئاستىدا، ئاشۇ



كىشىدىن ئەپۇ سوراش ۋە تەۋبە قىلغۇچى پۈتۈن گۇناھلىرىغا تەۋبە قىلىشى كېرەكلىكىنى تەكىتلەيدۇ.

غەيۋەت دەپ قارالمايدىغان، لېكىن ئۇ غەيۋەت تۈرىگە كىرىدىغان ئىشلار:

1 ـ بىر ئادەم قېرىندىشى يامان كۆرىدىغان بىر ئىشنى تىلغا ئالغاندا، ئۇنىڭغا: ئۇنداق قىلما دېيىلسە، ئۇنىڭ: مەن بۇ سۆزۈمنى ئالدىدىمۇ قىلىشقا تەييارمەن، دېگەنلىكى بولۇپ، مۇنداق دېگۈچىلەرگە تۆۋەندىكى بىر قانچە يوللار بىلەن رەت قايتۇرىمىز.

1) ـ ھەقىقەن سەن ئۇ يامان كۆرىدىغان ئىشنى ئۇنىڭ ئارقىسىدا زىكرى قىلدىڭ، سېنىڭ مۇنداق قىلىشىڭنىڭ ئۆزىلا غەيۋەتتۇر.

2) ـ سېنىڭ، ئۇنىڭ ئالدىدا سۆزلىيەلىشىڭ ئايرىم بىر مەسىلە بولۇپ، ئۇ سېنىڭ باشقىلار يامان كۆرىدىغان ئىشلارنى ئۇلارنىڭ ئارقىسىدا سۆزلەپ يۈرىشىڭنى دۇرۇس قىلىدىغانلىقىغا دەلىل يوقتۇر.

3) ـ سەن ئۇنىڭ ئالدىدا سۆزلەش مۇمكىن بولغان بىر ئىشنى ئارقىسىدا سۆزلەپ يۈرۈشكە ھەۋەستىن باشقا ھېچقانداق ھاجەت يوق.

4) ـ سەن ئۇنىڭ ئارقىسىدا قىلغان سۆزنى ئۇ ئەپۇ قىلىدۇ، دەيدىغانغا قولىڭدا ئاساس يوق.

5) ـ كۆنمىــزدە يــۈز بېرىۋاتقـــان ئەمەلىيەتكــە قارايدىغان بولساق، مەن ئالدىدىمۇ سۆزلەشكە قادىر، دېگۈچىلەرنىڭ بۇ سۆزى قۇرۇق دەۋادىن باشقا نەرسە ئەمەس بولۇپ بەلكى ئۇ قىلىۋاتقان غەيۋەتنى دۇرۇس كۆرسىتىش ئۈچۈن شەيتاننىڭ بەرگەن تەلىماتىدۇر.

2 ـ بەزى كىشىلەرنىڭ جامائەت سورۇنلىرىدا: هاياسىنىڭ كەملىكىدىن الله تىن پاناھ تىلەيمىز! دېگەندەك سۆزلەرنى قىلىشى، چۈنكى بۇنداق قىلىش باشقىلارنى سۆكۈپ ئۆزىنى ماختاشنى مەقسەت قىلىدۇ.

3 ـ بەزى چاغدا كىشى، ئۆز قېرىندىشىنىڭ ئەھۋالىدىن سورالسا، سورالغۇچى سورىغۇچىغا: الله ئەھۋالىمىزنى ياخشىلىسۇن، الله مەغپىرەت قىلسۇن، الله ئۇنىڭ ئەھۋالىنى ياخشىلىسۇن، الله دىن خاتىرجەملىك تىلەيمىز، يامانلىقتىن پاناھ تىلەيمىز! دېگەندەك سۆزلەرنى سورالغان كىشىنى كەمسىتىش نىيىتىدە دېگەنلىكى.

4 ـ كىشىنىڭ: پالانىمۇ بىز كۆرگەننى كۆردى. بىزنىڭ بېشىمىزغا كەلگىنى ئۇنىڭ بېشىغىمۇ كەلدى، دېگەندەك سۆزلەرنى قىلىشى.

5 ـ بىر كىشىنىڭ يەنە بىر ئادەمنى مازاق قىلىش ياكى تۆۋەن كۆرۈش مەقسىتىدە: ئەپەندىم ھەزرەتلىرى، خوجايىن جانابلىرى، دېگەندەك سۆزلەرنى قىلىشى.



6 ـ بەزى كىشىلەرنىڭ بۇ كىچىك بولغاندىكىن غەيۋەتنى قىلىش دورۇس، دەپ قارىشى بولۇپ، بۇ دەلىل تەلەپ قىلىدىغان مەسىلىدۇر. چۈنكى غەيۋەتنىڭ هاراملىقىغا كەلگەن بارلىق دەلىللەر شەرتسىز، ئومۇمى كەلگەن بولۇپ، چوڭ ـ كىچىك، ئەر ـ ئايال، باي ـ پېقىر، ھەممىنى ئۆزئىچىگە ئالىدۇ. ئۇلارچە بولغاندا كىچىكلەرنىڭ غەيۋەتنى قىلسا بولىدىكەنۇ، ئەجەپ كىچىكلەر چوڭلارنىڭ غەيۋەتنى قىلسا گۇناھ بولمايدۇ، دېمەيدىغۇ؟!

ئۇلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: «مۇنداق ئۈچ ئادەمدىن سوراق قىلىنمايدۇ. ساراڭ ئەقلىگە كەلگەنگە قەدەر، ئۇخلىغان ئادەم ئويغانغا قەدەر. نارىسىدە بالاغەتكە يەتكەنگە قەدەر» دېگەن ھەدىسىنى نېمە ئۈچۈن ئويلىمايدۇ؟

7 ـ الله تائالا بىر كىشىگە باشقىلار قادىر بولالمايدىغان ناهايىتى قېيىن بىر شارائىتتا ياخشىلىققا بۇيرۇش ياكى يامانلىقتىن توسۇشنى مۇۋەپپەق قىلىدۇ، نەسىھەت قىلىنغان ئادەم راستچىللىق، ئىخلاسمەنلىك بىلەن بۇيرۇقنى قوبۇل قىلىپ تەۋبە قىلىشقا بەل باغلايدۇ. ئەمما نەسىھەت قىلغۇچى شەيتاننىڭ ئالدىدا مەغلۇب بولۇپ قىلغان ياخشىلىقلىرىنى كىشىلەر ئارىسىدا پالانى ئۇنداق ـ مۇنداق ئىشنى سادىر قىلدى، مەن ئۇنىڭغا مۇنداق نەسىھەت قىلدىم، دەپ سۆزلەيدۇ.

بۇ سۆزلەرنى كۆپچىلىككە سۆزلەپ يۈرۈشكە ھاۋايى ھەۋەس ۋە غەيۋەتنى ياخشى كۆرۈشتىن باشقا نېمە سەۋەبچى بولدى؟

ياخشىلىققا بۇيرۇپ، يامانلىقتىن توسۇشتىكى تۈپ نىشان، كىشىلەر ئارىسىدا ياخشىلىق بەرپا قىلىپ، يامانلىقنى يوقىتىش ئەمەسمىدى؟! ئىش ئۇنداق ئىكەن، مەقسەت ئەمەلگە ئاشقاندىن كېيىن بۇ سۆزلەرنى كۆتۈرۈپ يۈرۈشنىڭ نېمە ئەھمىيىتى؟!

**9** ـ ئاسىيلارنىڭ غەيۋىتىنى قىلىشقا سەل قاراش.

بۇ ھەقتە بىر ئاز توختىلىپ ئۆتۈشىمىزگە توغرا كېلىدۇ. چۈنكى ئاسىيلارنىڭ غەيۋىتىنى قىلىش قەتئىي دورۇس ئەمەس. دېمەك گۇناھ قىلىپ سالغانلارنىڭ غەيۋىتىنى قىلىش دورۇس دەيدىغان ئىش يوق. ئەگەر ئۇنداق بولسا ئىدى، پۈتۈن مۇسۇلمانلارنى غەيۋىتىنى قىلىش دورۇس بولغان بولاتتى.

ھەرقانداق مۆمىننىڭ گۇناھى بولىدۇ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇنى تەكىتلەپ مۇنداق دېگەن: «ھەرقانداق مۆمىن بەندىنىڭ گۇناھى بولۇپ بۇ دۇنيادىن ئايرىلمىغىچە ئايرىلمايدۇ. مۆمىن كۆپ ئىمتىھان قىلىنىدۇ، كۆپ تەۋبە قىلىدۇ، كۆپ ئۇنتۇيدۇ، ئەسلىتىلسە ئەسلىتىش ئۇنىڭغا پايدا قىلىدۇ».



ھەدىستە يەنە مۇنداق كەلگەن: «ھەربىر ئادەم بالىسى خاتالىق ئۆتكۈزگۈچىدۇر، خاتالىق ئۆتكۈزگۈچىلەرنىڭ ئەڭ ياخشىسى تەۋبە قىلغۇچىلاردۇر».

ئاسىيلارنىڭ غەيۋىتىنى قىلغۇچىلارنىڭ قەلبى قانداق ئارام تاپقاندۇ ـ ھە!

ئۇلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: «غەيۋەت دېگەن قېرىندىشىڭ ياقتۇرمايدىغان نەرسىنى تىلغا ئېلىشىڭ» دېگەن ھەدىسىدىكى (قېرىندىشىڭ) دېگەن سۆزنى قانداق چۈشەندۈرىدىغاندۇ ـ ھە؟! ياكى ”قېرىندىشىڭ“ دېگەن سۆز ئاسىي ۋە ئىتائەتمەن ھەر ئىككىلىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالمامدۇ؟ قانداقمۇ ئۇ ئىچىگە ئالمىسۇن؟ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن تۇرسا: «مۇسۇلمان مۇسۇلماننىڭ قېرىندىشىدۇر. مۇسۇلمان ئۇ قېرىندىشىغا زۇلۇم قىلمايدۇ ۋە ئۇنى ھاقارەتلىمەيدۇ. بېشىغا كۈن چۈشكەندە تاشلاپ قويمايدۇ. تەقۋالىق مانا بۇ يەردە» دەپ ئۆزىنىڭ كۆكرىكىگە ئۈچ قېتىم ئىشارەت قىلدى. ئاندىن: «بىر كىشىنىڭ يامان ئىكەنلىكىگە ئۇنىڭ مۇسۇلمان قېرىندىشىنى ھاقارەتلىگەنلىكىنىڭ ئۆزىلا كۇپايە قىلىدۇ. مۇسۇلمان ئۈچۈن ھەر بىر مۇسۇلماننىڭ قېنى، مېلى ۋە ئابرۇيىغا تېگىش ھارامدۇر» دېدى. [ئىمام مۇسلىم ۋە بۇخارى رىۋايىتى]

بىز ئەنە شۇ بىپەرۋالاردىن سورايمىزكى، ئاسىي مۇسۇلماننىڭ قېنى هالالمۇ؟ ياكى مېلىمۇ؟

مال ۋە يۈز ئابرۇي ئىككىسى بىر ـ بىرىگە ئەگىشىپ كەلگەن تۇرسا، نېمە ئۈچۈن ئابرۇيىمۇ هارام بولمايدۇ؟!

10 ـ كىشىنىڭ بۇ، ئۇ يەرلىك بۇ، بۇ يەرلىك، پالانى يېزىلىق، پالانى شەهەرلىك، پالانى كۆنچى، پالانى ياغاچچى، ياكى پالانى تۆمۈرچى دېگەندەك سۆزلەرنى قىلىشى. ناۋادا بىرى ئۇنى شۇنداق چاقىرسا ئۇ، يامان كۆرىدۇ ئەمەسمۇ! بۇلارنىڭ هەممىسى پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالامنىڭ: «غەيۋەت دېگەن قېرىندىشىڭ ياقتۇرمايدىغان نەرسىنى تىلغا ئېلىشىڭ» دېگەن هەدىس چۈشەنچىسىدۇر.

ئاسىينىڭ غەيۋىتىنى قىلىشتىن كېلىپ چىقىدىغان يامانلىق ئاقىۋەتلەر:

1 ـ توغرا يولدىن تۇسۇش، نەسىهەت قوبۇل قىلماسلىق ۋە الله نىڭ دىنىغا چاقىرغۇچىلارنى يامان كۆرۈشكە ئېلىپ بېرىش.

ئەپسۇسلىنارلىق يېرى شۇكى، بۇ خىل غەيۋەت يەنى (ئاسىينىڭ غەيۋىتىنى قىلىش) كۆپىنچە هالدا يېتەكچىلەر ۋە مەسجىد جامائەتلىرىدىن سادىر بولىدۇ. چۈنكى ئۇلار ناماز ئوقۇمايدىغان ياكى زاكات بەرمەيدىغان ياكى روزا تۇتمايدىغان ئاسىيلارنى



ئۇچراتقاندا ئۇلارنىڭ غەيۋىتىنى قىلىپ سالىدۇ. ئاسىيلارمۇ غەيۋىتى قىلىنغانلىقنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، غەيۋىتىنى قىلغان كىشىگە نىسبەتەن بولغان ئۆچمەنلىكىنى ۋە ئۇلارغا بولغان ئىشەنچىسىنى يوقاتقانلىقنى ئېلان قىلىدۇ.

شۇنىڭ ئۈچۈن يېتەكچى دەۋەتچىلەرنىڭ ۋە مەسجىد جامائەتلىرىنىڭ قىلىشقا تېگىشلىك مەجبۇرىيىتى، ئۇلارنىڭ ئاسىيلارغا شەپقەت كۆزلىرى بىلەن قارىشى، دەۋەتلىرىنى تېخىمۇ جانلاندۇرىشى، ئۇلارغا گۈزەل شەكىلدە ۋەز ـ نەسىهەت قىلىشى بولۇپ، شۇ ئارقىلىق ئۇلارمۇ هىدايەت تاپسۇقۇسى! زېمىندا پاساتچىلىق قىلىپ ياشايدىغان، قانچىلىغان مۇشرىكلار، مۇلهىدلار ۋە ئاسىيلارغا الله تائالا هىدايەت قىلىپ ئەڭ ياخشى ۋە ئەڭ گۈزەل ئەخلاقلىق كىشىلەردىن بولغانلىقىغا ئۆتكەن تارىخ سەهىپىلىرى گۇۋاهلىق بېرىدۇ.

2 ـ ئىككى جېدەلخورنىڭ ئارىسىنى ئىسلاھ قىلىشتىن ئاجىز كېلىش.

ئەگەر بىر كىشى يەنە بىر قېرىندىشىنىڭ غەيۋىتىنى قىلسا، ئۇ، ئۇنى ئاڭلىسا، ئىنتىقام ئېلىش ئۈچۈن ئۇمۇ ئەۋۋەل غەيۋىتىنى قىلغان كىشىنىڭ غەيۋىتىنى قىلىدۇ. ئەۋۋەلقىسى ئاڭلاپ ئۇنىڭغا يامانلىقنى ئويلايدۇ ۋە ئۇنىڭدا بار بولغان پۈتۈن يامانلىقلارنى قويماي تارقىتىدۇ. ئىككىنچىسىمۇ ئەۋۋەلقىگە ئوخشاشلا

قىلىدۇ. شۇنداق قىلىپ ئىككىسىنىڭ مۇناسىۋىتى يامانلىشىدۇ. ئىش بۇ ھالغا كەلگەندە ئىسلاھ قىلغۇچىلار ئىككىسىنىڭ ئوتتۇرىسىنى ئىسلاھ قىلىشقا ئۇرۇنىسمۇ، لېكىن ئاخىرىقى نەتىجە ھەر ئىككىسى: ئۇ مېنى ئۇنداق ـ مۇنداق دېگەن، بىز قەتئىي بىر يەرگە كېلەلمەيمىز، دېيىش بىلەنلا خۇلاسىلىنىدۇ.

قەلبلەرگە قىلىنغان بۇ زەربىلەرنىڭ ئۇلار ئارىسىدىكى مۇھەببەتنى ۋەيران قىلىشى جاھالەت ۋە ئىھانەت سەۋەبىدىن بولغان.

بۇ، مۇسىبەت ۋە كۈلپەتلەر ئۇممىتىمىزدە قانچىلىغان قېتىم تەكرارلىنىۋاتىدۇ؟ قانچىلىغان ياخشى مۇناسىۋەتلەرنى ۋەيران قىلىۋاتىدۇ؟ ئازغۇنلۇقتىن كېيىن ئۇلپەتلەشكەن قانچىلىغان قەلبلەرنى ئايرىۋاتىدۇ؟!

مانا ھازىر، بۇقەلبلەرنىڭ الله تائالادىن قورقىدىغان، بۇ كۆزلەرنىڭ ياش تۆكىدىغان، بۇ غەيۋەتلەرنىڭمۇ توختىلىدىغان ۋاقتى يېتىپ كەلدى!

## ئىشنى مۇكەممەل قىلالمايدىغان كىشىنىڭ غەيۋىتىنى قىلىشتىن ئاگاھ بول!

ئەجەپلىنەرلىك، بەكمۇ ئەجەپلىنەرلىك يېرى شۇكى، ئىشىنى مۇكەممەل قىلالمايدىغان ئادەملەرگە ياردەم



بەرمەسلىك بولۇپ، ئۇنىڭدىنمۇ بەكرەك ئەجەپلىنەرلىكى ئۇنىڭغا ئەزىيەت يەتكۈزۈشتۇر.

ئەبۇزەر جۇندەب ئىبنى جۇنادە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ، مەن: ئى الله نىڭ پەيغەمبىرى! قايسى ئەمەل ئەۋزەلرەك؟ دېدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «الله غا ئىمان ئېيتىش ۋە الله يولىدا جىھاد قىلىش» دېدى. مەن: قايسى قۇلنى ئازاد قىلىش ئەۋزەلرەك؟ دېدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «خوجايىنىنىڭ نەزىرىدە ئەڭ ئېسىلى، قىممىتى ئەڭ يۇقىرى بولغىنىنى» دېدى. مەن: ئەگەر ئۇنداق قىلالمىسىچۇ؟ دېدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «بىرەر قېيىنچىلىقى بار ئادەمگە ياردەم بەرگىن ياكى ئۆز ئىشىنى قاملاشتۇرالمىغان بىرەر ئادەمنىڭ ئىشلىرىنى قىلىشىپ بەرگىن» دېدى. مەن: ئى الله نىڭ پەيغەمبىرى! ئەگەر شۇ ئەمەللەرنىڭ بەزىسىنى قىلىشقا ئاجىز كەلسەمچۇ؟ دېدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «كىشىلەرگە يامانلىق قىلىشتىن ئۆزەڭنى تارت. بۇ، ئۆزەڭ ئۈچۈن بولغان بىر سەدىقىدۇر» دېدى. [بۇ ھەدىسنى ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان]

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئازاد قىلىشقا تېگىشلىك ئەڭ ئەۋزەل قۇلنى ۋە قۇل ئازاد قىلمىغان ئادەمگە نىسبەتەنمۇ ياخشىلىق يولىدا توختىلىپ ئىشىنى

مۇكەممەل قىلالمايدىغان ئادەمگە ياردەم بېرىش ئىكەنلىكىنى بايان قىلىدۇ.

لېكىن ئەپسۇسلىنارلىقى شۇكى، ئىشنى پۇختا قىلالمايدىغان ئادەم بىزنىڭ تىلىمىزنىڭ يامانلىقىدىن سالامەت قالماستىن بەلكى بىز ئۇنى ئەيىبلەپ، غەيۋىتىنى قىلىپ، قىلغان ئىشلىرىنى مازاق قىلىمىز.

## غەيۋەتتىن يامانراق ئىش

ئۇممىتىمىز دۇچ كېلىۋاتقان نۆۋەتتىكى مۇسىبەتلەرنىڭ بىرى شۇكى، كىشىلەر ئۆز قېرىنداشلىرىنىڭ غەيۋىتىنى قىلىشتا گۇناھكارلىقى ياكى كەمچىللىكى سەۋەبىدىن ئەمەس، بەلكى بىر قىسىم ئۆرپ ئادەتلىرىنى ھالال ياكى ھارام قىلىۋېلىشنى مەقسەت قىلىدىغانلىقىدىن ئىبارەتتۇر.

ھالال ياكى ھارامغا ھۆكۈم چىقىرىش ئۆرپ ئادەتلەرگە ئەمەس، پەقەت يىگانە الله قىلا خاس ھەق ـ ھوقۇقتۇر. غەيۋەت قىلىشنى ھالال ساناش الله قىلا خاس مەزكۇر ھەق ـ ھوقۇقلارغا تاجاۋۇز قىلىشنىڭ تىپىك مىسالىدۇر.

مەسىلەن: ناۋادا بىر كىشى ئۆزىنىڭ بۇرادەرلىرىنى زىياپەتكە چاقىرىپ، مەلۇم بىرسىنى چاقىرماي قالغان بولسا، ئۇ ئۇزىنىڭ چاقىرىلمىغانلىقىدىن ئاچچىقلىنىپ بۇرادىرىنىڭ غەيۋىتىنى قىلسا، بۇ دەل نادانلىق ھەم



دىنىنى چۈشەنمەسلىكتىن بولغان بولىدۇ. چۈنكى زىياپەت بەرگەن ھەرقانداق چاغدا چوقۇم سېنى چاقىرمىسا بولمايدىغانلىقىغا نېمە ئاساسىڭ بار؟ ئەمما سېنىڭ قىلغان غەيۋەتخورلۇقۇڭنىڭ ھاراملىقىغا بولسا دەلىل دېسەڭ ئىنتايىن كۆپ. چۈنكى ئۇ نەپسانىيەتچىلىكتىن باشقا نەرسە ئەمەس.

ئىنسان بەزى ۋاقىتتا شەرىئەتتە ياخشى كۆرۈلگەن بىر ئىشنى قىلسىمۇ، باشقىلار تەرىپىدىن چۈشىنىلمەي گۆشى يېيىلىپ كېتىدىغان ۋە جاھىل ھاماقەتلەرنىڭ ئېغىزىدا سەۋەبسىز سۆز چۆچەك قىلىنىدىغان ئەھۋاللار كۆرۈلۈپ تۇرىدۇ.

مەسىلەن: بىر كىشى ئالىي، قىممەت كىيىم ـ كېچەكلەرنى كىيىشكە قادىر تۇرۇپ، كەمتەرلىك سەۋەبىدىن نورمال، پاكىز كىيىملەرنى كەيگە بولسا، ئۇنى كۆرگەن نادان، ماۋۇ بېخىلنىڭ ئۆزىنى دۇنيانىڭ زىبۇ زىننەتلىرىدىن مەھرۇم قىلىپ ۋە دىنىمىزنىڭ شەنىگە داغ تەككۈزىۋاتقانلىقىغا قارىمامدىغان، دەيدىغان ئەھۋاللار بولىدۇ.

بۇنداق دېگۈچىلەر ئىمام تىرمىزى رىۋايەت قىلغان پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: «ئېسىل كىيىملەرنى كىيىشكە قادىر تۇرۇقلۇق، الله رازىلىقى ئۈچۈن كەمتەر بولۇش يۈزىسىدىن ئېسىل كىيىم كەيمىگەن كىشىنى الله قىيامەت كۈنى بارلىق كىشىلەر ئالدىدا چاقىرىپ

مۆمىنلەر جەننەتتە كىيىدىغان كىيىملەردىن خالىغىنىنى كىيىش ئىختىيارلىقىنى بېرىدۇ» دېگەن بۇ ھەدىسكە نېمە دەيدۇ؟

يۇقىرىقىدەك قودرىتىنىڭ يېتىشىچە ئىسلامنى تەتبىقلايدىغان، كەمتەر، گۈزەل ئەخلاقلىق كىشىلەرنى الله ئۈچۈن ياخشى كۆرۈش بىزنىڭ مەجبۇرىيىتىمىزدۇر.

بىز، ئالدى بىلەن ئۇ كىشىنىڭ نېمە ئۈچۈن شۇنداق قىلغانلىقىنى بىلىپ، ئاندىن ئۇنىڭغا تىل ئۇزارتىشىمىز، ئۇنىڭ قىلغىنى ھالالمۇ ـ ھارامۇ؟ ئۇ، راستىنلا دىنىمىزغا داغ تەككۈزىدىغان ئىشنى قىلدىمۇ؟ بۇ ھەقتە ئويلىنىپ بېقىشىمىز كېرەك.

الله سۇبھانەھۇ ۋەتائالا ئۇنى قىيامەت كۈنى بارلىق كىشىلەر ئالدىدا چاقىرىپ مۆمىنلەر جەننەتتە كىيىدىغان كىيىملەردىن خالىغىنىنى كىيىش ئىختىيارلىقىنى بېرىدۇ. ئەمما سەن مۆمىنلەرنىڭ گۆشىنى يەيدىغان، ئۇنىڭ غەيۋىتىنى قىلىدىغان، قورقۇنچاق، قەرزدار تۇرساڭ، سېنىڭ ھالىڭ زادى قانداق بولار ـ ھە؟!



## غەيۋەتكە قارشى كۆرەش جىھادنىڭ ئەڭ ئەۋزەلىدۇر

كۆپىنچە كىشىلەر غەيۋەتكە قارشى كۆرەش، جىھادنىڭ ئەڭ ئەۋزىلى دېگەننى ئاڭلىسا ھەيرانلىقتا قالىدۇ.

لېكىن، بۇ ھەيرانلىق رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامنىڭ «الله تائالا غا تائەت ـ ئىبادەت قىلىشتا ئۆز نەپسى بىلەن جىھاد قىلغان كىشى مۇجاھىد ھېسابلىنىدۇ».

«جىھادنىڭ ئەڭ ئەۋزىلى نەپسىڭ، ھاۋايى ھەۋىسىڭ بىلەن بولغان جىھادتۇر»دېگەن، سۆزلىرىنى ئاڭلىغاندا يوقىلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن غەيۋەتكە قارشى تۇرۇش جىھادنىڭ ئەڭ ئەۋزىلىدۇر.

چۈنكى الله نىڭ دۈشمەنلىرى بىلەن بولغان جىھاد ئىنسان ئۆمرىنىڭ مەلۇم قىسمى بىلەنلا چەكلىنىدىغان بولۇپ، نەپسى بىلەن بولغان جىھاد، تاكى ئىنساننىڭ ئەجىلى ئاخىرلاشقانغا قەدەر داۋام قىلىدۇ. شۇنىڭدەك دۈشمەنلەر بىلەن بولغان جىھادمۇ رىيا، قىزىق قانلىق، ئۆزئۆزىگە كۆز ـ كۆز قىلىشتىن خالىي بولمىغۇچە قوبۇل قىلىنمايدۇ.

ھەربىر موسۇلمانغا قاتتىق تەكىتلەنگەن ئىشلار: ئۆز نەپسى بىلەن جىھاد قىلىش، غەيۋەتكە قارشى كۆرەش قىلىش ۋە زېمىندا ئىسلام دۆلىتىنى تۇرغۇزۇشتىن بۇرۇن قەلبىدە تۇرغۇزۇشتىن ئىبارەتتۇر.

الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿شۇ كۈندە مۆمىنلەر الله نىڭ نۇسرىتى بىلەن خۇشاللىنىدۇ. الله خالىغان كىشىگە نۇسرەت بېرىدۇ، الله غالىبتۇر، (مۆمىنلەرگە) ناھايىتى مېھرىباندۇر﴾[1].

## غەيۋەتنى تەنقىدلەيدىغان ياخشى سۆزلەر

**1** ـ ھەسەنۇلبەسرى (الله ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن) دىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: بىر كىشى ئۇنىڭ يېنىغا كېلىپ، مەن سىنىڭ غەيۋىتىڭنى قىلىپ سالدىم، دېگەندە، ئۇ: مەن سەندىن ئېلىشقا تېگىشلىك ياخشى ئەمەللىرىم قانچىلىك مىقدارغا يەتتى، دەپ سورىغان.

**2** ـ ئۇلارنىڭ بىرىگە: پالانى سېنىڭ غەيۋىتىڭنى قىلدى، دېيىلگەندە، ئۇ بىر تەخسە ھۆل خورما ئەۋەتىپ، ماڭا سەن مېنىڭ غەيۋىتىمنى قىلغانلىقىڭ يەتتى. ھەققىڭنى تولۇق بىرەلمىسەممۇ بۇنى سېنى مۇكاپاتلاش ئۈچۈن ئەۋەتتىم، دېگەن.

**3** ـ ئىبنى مۇبارەك: ئەگەردە مەن غەيۋەت قىلىدىغان بولسام ئاتا ـ ئانامنىڭ غەيۋىتىنى قىلاتتىم، چۈنكى مېنىڭ ئاخىرەتتىكى نەسىۋىلىرىمگە ئەڭ ھەقلىق بولغانلار ئۇلاردۇر، دېگەن.

[1] سۈرە رۇم 4ـ 5ـ ئايەت.



**4** ـ غەيۋەت پاسىقلار تەرىپىدىن تۈزۈلگەن زىياپەتتۇر.

**5** ـ ئەمر ئىبنى ئاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بىر ئۆلۈك قېچىرنىڭ يېنىدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ، ھەمراھلىرىغا: ھەرقانداق كىشىنىڭ بۇ تاپىدىن يەپ قورسىقىنى تويغۇزغىنى، مۇسۇلماننىڭ گۆشىنى يېگىنىدىن ياخشىدۇر، دېگەن.

**6** ـ بىر كىشى بىر بۇرادىرىنىڭ يېنىدا باشقا بىر ئادەمنىڭ يامان گېپىنى قىلغاندا، ئۇ بۇرادىرى ئۇنىڭدىن:

ــ سەن رۇمغا قارشى جىھادقا قاتناشتىڭمۇ؟ دەپ سورىغان. ئۇ:

ـ ياق، دەپ جاۋاب بەرگىنىدە، ئۇنداقتا تۈرككە قارشى جىھادقىچۇ؟ دەپ سورىغان. ئۇ:

ـ ياق، دېگەندە، ئەجابا سەندىن رۇم ۋە تۈركلەر ئامان قالىدىكەنۇ نېمە ئۈچۈن مۇسۇلمان قېرىندىشىڭ ئامان قالمايدۇ؟! دېگەن.

**7** ـ ئەگەردە سەن ئۈچ ئىشقا قادىر بولالمىساڭ، ئۈچ ئىشنى مەھكەم تۇت؛ ياخشىلىق قىلالمىساڭمۇ، يامانلىق قىلما! باشقىلارغا پايدا يەتكۈزەلمىسەڭ، زىيان يەتكۈزۈشتىن ساقلان! روزا تۇتۇشقا قادىر بولالمىساڭمۇ، باشقىلارنىڭ گۆشىنى يېمە!

دانىشمەن تەقۋادار بولماس ئاۋارە،

باشقىلارنىڭ ئەيىب نوقسانى بىلەن.

ئاۋارىدۇر ئۇگشاشقا نوقسانلىرىنى،

گويا كېسەل ئاۋارىدەك كېسەل بىلەن.

ئــــاخىرىدا الله ســــۇبھانە ۋەتــــالادىن بــــارلىق مۇســـۇلمانلارنى غــەيۋەتتىن يىـــراق قىلىشـــىنى ۋە شـــۇ ئارقىلىق ھەممىزگە بىرلىك ـ ئىتتىپاقلىق ۋە نۇسرەت ئاتا قىلىشىنى تىلەيمىز! ئامىن!

تۈگىدى.